# ئىزدىنىش

(تاللانما)

2 2000

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىزدىنىش

(ئايلىق ژۇرنال)

(تاللانما)

2000-يىل 2-سان
(ئومۇمىي 140-سان)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1999-يىللىق 23-، 24-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە

**پايتەختتىكى لەرنىڭ ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز**
(1999-يىل 12-ئاينىڭ 20-كۈنى) .................................... **جياڭ زېمىن(2)**
**جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز**
(1999-يىل 12-ئاينىڭ 20-كۈنى)···جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى **جياڭ زېمىن(5)**
**ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەپ، يېپيېڭى بىر دەۋرگە قەدەم تاشلايلى** ............................ **ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى(9)**
**ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىم**······ **ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى(12)**
**ئىچكى تەلەپنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا** ................ **ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى(17)**
**ئىسلاھاتنى قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى** ............................ **ۋېي لىچۈن(26)**
ئىلمىي ئاساستا تەدبىر بەلگىلەش ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە مۇلاھىزە ............ **سەي چاڭسۇڭ(38)**

**★2-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

---

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: CN11–2498
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋاكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»-خەت ساندۇقى)

---

# پايتەختتىكىلەرنىڭ ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

(1999-يىل 12-ئاينىڭ 20-كۈنى)

**جياڭ زېمىن**

**يولداشلار، دوستلار:**

بۈگۈن ھەيۋەتلىك 5 يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ۋە ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى بايرىقى ئاۋمېندا چىقىرىلدى، دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتى ئاۋمېنغا ئىگىلىك ھوقۇقى يۈرگۈزۈشنى ئەسلىگە كەلتۈردى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى يەنە بىر كاتتا ئىشى، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇلۇغ ئىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزدىكى يەنە بىر مۇھىم نامايەندە. ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان جاپالىق كۈرەش قىلغانلىقى ۋە جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز ۋە بارلىق جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنىڭ شان-شەرىپى ۋە ئىپتىخارى، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ھەققانىيەت ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى!

كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بۇ پەيتتە بىز يولداش ماۋ زېدۇڭ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنى، مىللەتنىڭ ئازادلىقى، خەلقنىڭ بەختى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكى، قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن قەھرىمانلىق بىلەن ھاياتىنى تەقدىم قىلغان ۋە ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنى، پېشۋالىرىمىزنى چوڭقۇر ياد ئېتىۋاتىمىز. بىز ئۇلارنىڭ ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسىنى مەڭگۈ ئېسىمىزدە ساقلايمىز.

ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكى ئاۋمېن تارىخىدا يېڭى دەۋر ئاچتى. ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار بۈگۈندىن باشلاپ بۇ زېمىننىڭ ھەقىقىي خوجايىنىغا ئايلاندى. ۋەتىنىمىز زامانىۋىلىشىش ئىشلىرىنىڭ كۈنسېرى گۈللىنىشى جەزمەن ئاۋمېننىڭ تەرەققىياتىغا ئۈزلۈكسىز يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشىدۇ. ۋەتەن خەلقى

ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىدە مەڭگۈ مۇستەھكەم ئارقا تىرەك بولىدۇ.

ئاۋمېننىڭ ۋەتەندىن ئايرىلىشى ۋە قايتىپ كېلىشى يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى جۇڭخۇا مىللەتلىرى تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئىنچام كۆرۈنۈشى ھېسابلىنىدۇ. ئىلگىرىكى ئاۋمېن كونا جۇڭگو نامرات، ئاجىزلىقتىن بوزەك قىلىنغان ئەھۋالدا پورتۇگالىيە تەرىپىدىن تەدرىجىي ئىگىلىۋېلىنغان. بۈگۈنكى ئاۋمېن يېڭى جۇڭگو گۈللەپ قۇدرەت تېپىشقا قاراپ مەردانە قەدەم تاشلىغان مۇساپە داۋامىدا غەلىبىلىك ھالدا ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلدى. بۇ تارىخىي ئۆزگىرىش ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگو ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى تولۇق نامايان قىلدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ ئۇلۇغ تەسەۋۋۇرى بىزنىڭ شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋە تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ۋەتەننى پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىزدىكى بىردىنبىر توغرا فاڭجېن. ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“نىڭ شياڭگاڭدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى ئاۋمېننى قىممەتلىك تەجرىبە بىلەن تەمىنلىدى. مەركىزىي ھۆكۈمەت ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“، ”ئاۋمېننى ئاۋمېنلىقلار ئىدارە قىلىش“، يۈكسەك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش فاڭجېنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي يولغا قويۇپ، ئاۋمېننىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈملىرىنى، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتمەي ساقلاپ قالىدۇ، قانۇنلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرتمەي ساقلاپ قالىدۇ. بىز ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە بېجىرىشىنى قەتئىي قوللايمىز. ئاۋمېن ئاھالىلىرىنىڭ نېگىزلىك قانۇندا بېرىلگەن ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشىغا قەتئىي كاپالەتلىك قىلىمىز. ئاۋمېنغا سىرتتىن كېلىپ مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتى قانۇن بويىچە قوغدىلىدۇ. ئىشىنىمىزكى، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ۋە ھەر ساھەدىكى زاتلار چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، ئاۋمېننى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ.

مۇشۇ مىنۇتلاردا، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرىدىكى خەلقلەر شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار بىلەن ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت مىللەتنىڭ بۇ كاتتا ئىشىنى تەبرىكلەۋاتقاندا، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭمۇ بىزگە ئوخشاشلا خۇشال-خۇرام كەيپىياتتا بولۇۋاتقانلىقىغا ئىشىنىمەن. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلار ۋە دۇنيادىكى ئۇقۇمۇشلۇق زاتلار شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا ئوڭۇشلۇق قايتىپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىتتىن ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“نىڭ ئىلمىيلىكى ۋە توغرىلىقىنى، ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“نىڭ تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتى. بىر جۇڭگو پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، جۇڭگونىڭ پۈتۈنلەي بىرلىككە كېلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى، بۇنى ھەرقانداق كۈچ توسۇپ قالالمايدۇ. بىز تەيۋەن دائىرىلىرىنىڭ تارىخىي ئېقىمغا زىت ئىشلارنى قىلماسلىقىنى، ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ پەيدا قىلماسلىقىنى، تەيۋەنلىك قېرىنداش-

لار ۋە پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقى جۇڭگونى پارچىلاش يولىدىكى ھەرقانداق سۈيىقەستكە ھەرگىز قول قوشتۇرۇپ تۇرمايدۇ. ”تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىزنىڭ تەيۋەن مەسىلىسىنى بالدۇرراق ھەل قىلىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئورۇنداشقا ئىرادىمىز، تولۇق ئىقتىدارىمىز بار.

يېڭى جۇڭگو ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياشتەك شەرق ئاسمىنىدا قەد كۆتۈرگەندىن باشلاپ، نۇرغۇن جەۋر-جاپانى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋەتەن زېمىنىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئۆز تەقدىرىنى ئىگىلىگەن جۇڭگو خەلقى پارتىيە رەھبەرلىكىدە جاپالىق ئەمەلىيەت ئارقىلىق جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ يولىدا مېڭىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىنىڭ پارلاق كېلەچىكىنى ياراتماقتا.

تارىخ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالماقچى بولىدىكەن، چوقۇم دۇنياغا نەزەر سېلىپ، دەۋر بىلەن بىللە ئىلگىرىلەپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، غەيرەتكە كېلىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشكە تىرىشىپ، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي قۇدرىتىنى، دۆلەت مۇداپىئە قۇدرىتىنى ۋە مىللەتنىڭ ئۇيۇشقاقلىقىنى داۋاملىق كۈچەيتىشى لازىم. بۈگۈنكى دۇنيادىكى كەسكىن رىقابەت ئالدىدا ئىلگىرىلىمىسەك ئارقىدا قالىمىز. بىز چوقۇم ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرىنى كۆزىتىشتە، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئۆز يولىمىزدا مېڭىپ، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى مەنزىل ئېچىشىمىز لازىم.

21-ئەسىرنىڭ قوڭغۇراق ساداسى چېلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. سىياسىي جەھەتتە كۆپ قۇتۇپلىشىش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە دۇنياۋىلىشىش كەلگۈسى دۇنيادىكى ئىككى چوڭ يۈزلىنىش، بىز كەسكىن رىقابەتكە، شۇنداقلا تېپىلغۇسىز تەرەققىيات پۇرسىتىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز. رىقابەتمۇ، پۇرسەتمۇ ئەقىل-پاراسىتىمىز ۋە كۈچىمىزنى سىنىماقتا. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، دۆلىتىمىزنى باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك بولغان سوتسىيالىستىك زامانىۋى دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ تىنچلىق ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك ئۇلۇغۋار ئىشلار ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشى لازىم!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 20-دېكابىر تېلېگراممىسى)**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

(1999-يىل 12-ئاينىڭ 20-كۈنى)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى **جياڭ زېمىن**

**خانىملار، ئەپەندىلەر، قېرىنداشلار:**

بۈگۈن ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە تەنتەنە قىلىدىغان كۈن. جۇڭگو-پورتۇگالىيە ھۆكۈمەتلىرى ئاۋمېن ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش-ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئاۋمېنغا ئىگىلىك ھوقۇقى يۈرگۈزۈشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى تەنتەنىلىك جاكارلىدى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ زېمىننىڭ ھەقىقىي خوجايىنىغا ئايلانغانلىقىدىن، ئاۋمېننىڭ تەرەققىياتىنىڭ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يېپيېڭى دەۋرگە كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۇ كاتتا ئىشى تارىختىن مەڭگۈ ئورۇن ئالىدۇ!

بۇ تەنتەنىلىك تارىخىي پەيتتە، مەن مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋاكالىتەن ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەن ئاۋمېنلىق قېرىنداشلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن! ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشقان مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى بارلىق قېرىنداشلارغا سەمىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن! مەن يەنە جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئۇنى قوللىغان خەلقئارادىكى بارلىق دوستلارغا رەھمەت ئېيتىمەن! بۇ قىممەتلىك تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتناشقان ھەرقايسى ئەللىك ئەزىز مېھمانلار ۋە دوستلارنى قارشى ئالىمەن!

بۇ تەنتەنىلىك تارىخىي پەيتتە، بىز دېڭ شياۋپىڭ ئەپەندىنى چوڭقۇر ياد ئېتىۋاتىمىز. ئۇ ئۇلۇغ سىياسىي جاسارەت ۋە ئاجايىپ ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش" قائىدىسى شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋە تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن توغرا يول كۆرسىتىپ

بەردى. ئاۋمېننىڭ غەلىبىلىك قايتۇرۇۋېلىنغانلىقى شىاڭگاڭ قايتۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئورۇنداش يولىدا تىكلىگەن يەنە بىر تارىخىي ئابىدىسى.

ئاۋمېن ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ زېمىنى. جۇڭگو خەلقى ئاۋمېندىن ئىبارەت ۋەتەننىڭ بۇ مۇقەددەس زېمىننى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن تىز پۈكمەي كۈرەش قىلدى. ئاۋمېن ئۇزاق مۇددەت ۋەتەندىن ئايرىلىپ تۇرسىمۇ، قېرىنداشلىق مۇھەببەت، مىللىي ھەققانىيەت ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار بىلەن ۋەتەن خەلقىنى باشتىن-ئاخىر زىچ بىرلەشتۈردى. كۈنساناپ گۈللىنىۋاتقان سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز ئاۋمېننىڭ تەۋەلىكى جەھەتتە دەۋر بۆلگۈچ ئۆزگىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى تۈپ كۈچ ھېسابلىنىدۇ. ئاۋمېننىڭ قايتۇرۇۋېلىنىشى دۇنيانىڭ تىنچلىق ۋە ھەققانىيەت ئىشلىرىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى. بۇ ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ئېقىمىنى ھەرقانداق كۈچنىڭ توسۇۋالالمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.

جۇڭگو-پورتۇگالىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئاۋمېن مەسىلىسىنى سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىشتىن ئىبارەت بۇ سىياسىي قارارى دەۋر تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاقىلانە قارار. مەن بۇ يەردە ئاۋمېن مەسىلىسىنى ھەل قىلىش يولىدا تىرىشقان پورتۇگالىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ۋە سىرتىدىكى زاتلارغا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن. ئاۋمېن مەسىلىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلىنغانلىقى جۇڭگو-پورتۇگالىيە خەلقلىرى دوستلۇقىنىڭ 21-ئەسىردىكى تەرەققىياتىنى يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسى بىلەن تەمىن ئەتتى.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئاۋمېنغا ئىگىلىك ھوقۇقى يۈرگۈزۈشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاۋمېندا ئەسلىدىكى كاپىتالىزم تۈزۈمى داۋاملىق يولغا قويۇلىدۇ، ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈملەر ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى ساقلاپ قېلىنىدۇ، قانۇنلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرمەيدۇ، خۇسۇسىي مۈلۈك ھوقۇقى قانۇن بويىچە قوغدىلىدۇ. ئاۋمېن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى سۈپىتىدە دىپلوماتىيە ئىشلىرى بىلەن مۇداپىئە ئىشلىرىنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى باشقۇرغاندىن سىرت، ئاۋمېن نېگىزلىك قانۇنىدا بېرىلگەن يۇكسەك ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن، جۈملىدىن مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقى، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى، مۇستەقىل ئەدلىيە ھوقۇقى ۋە ئاخىرقى سوت ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئاۋمېندىكى پورتۇگال پۇشتىدىن بولغان ئاھالىلەرنىڭ مەنپەئەتى قانۇن بويىچە قوغدىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ھۆرمەتلىنىدۇ. ئاۋمېندا نۇرغان چەت ئەللىك ياشايدۇ، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى يەنىلا ئۇلارنىڭ خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىدىغان يۇرتى. كەلگۈسىدىكى ئاۋمېندا بارلىق ئاھالىلەرنىڭ مىللىتى، ئىرقى ئايرىلماي، ھەممە ئادەم باراۋەر رىقابەتلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ، ھەممە ئادەم قانۇن كاپالەتلىك قىلىدىغان ھەر خىل ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئاۋمېنغا ئىگىلىك ھوقۇقى يۈرگۈزۈشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى داۋاملىق ئەركىن پورت ۋە مۇستەقىل تاموژنا بېجى رايونى بولۇش سۈپىتى بىلەن "جۇڭگو-ئاۋمېن" دېگەن نامنى قوللىنىپ، ھەرقايسى ئەللەر، رايونلار ھەم ئالاقىدار خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالىدۇ ۋە ئۆز ئالدىغا راۋاجلاندۇرىدۇ. ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى مالىيىدىكى مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قالىدۇ، ئۆز ئالدىغا باج ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ،

مەركىزىي ھۆكۈمەت ئاۋمېندىن باج ئالمايدۇ. ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى ئىقتىساد، سودا، پۇل مۇئامىلىسى، مائارىپ، تىببىي داۋالاش، سەھىيە، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت، دىن قاتارلىق جەھەتلەردىكى سىياسەتلەرنى قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا تۈزۈپ چىقىدۇ، يەنە ئۆز جايىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىگە ئاساسەن ساياھەتچىلىك، كۆڭۈل ئېچىشقا دائىر سىياسەتلەرنى ئۆز ئالدىغا تۈزىدۇ. دۇنيا ئەللىرىنىڭ، ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئاۋمېندىكى ئىقتىساد-سودا پائالىيىتى ۋە مەبلەغ مەنپەئىتى قانۇن بويىچە قوغدىلىدۇ.

مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئاۋمېنغا قاراتقان فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ نېگىزلىك قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر دۆلەتنىڭ ۋە ئاۋمېننىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن، شۇنداقلا ھەرقايسى ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ مەنپەئىتىگىمۇ ئۇيغۇن، ئۇ ئاۋمېننىڭ ئۇزاق مۇددەت مۇقىم بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ نېگىزلىك قانۇنى ئاۋمېننىڭ ئاساسىي قانۇن خاراكتېرلىك قانۇنى، شۇنداقلا مەملىكەت خاراكتېرلىك قانۇن، ئۇنىڭغا ئاۋمېنلىقلار رىئايە قىلىپلا قالماستىن، مەملىكەت بويىچە يۇقىرى-تۆۋەندىكىلەرنىڭ ھەممىسى رىئايە قىلىشى كېرەك. مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قاراشلىق ھەرقايسى تارماقلار ۋە مەملىكەتتىكى ھەرقايسى جايلار ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ نېگىزلىك قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدىغان ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ، ئارىلىششىغا يول قويۇلمايدۇ.

مەن بۈگۈن قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ تۇنجى باش مەمۇرى خې خۇخۋا ئەپەندىنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن! مەركىزىي ھۆكۈمەت باش مەمۇر ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىگە تولۇق ئىشىنىدۇ ھەم ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدۇ.

ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى ۋە ۋەتەننى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ئۆتكۈنچى مەزگىلدىكى تۈرلۈك ئىشلارغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئاۋمېننىڭ ئوڭۇشلۇق قايتۇرۇۋېلىنىشى ئۈچۈن قىممەتلىك تۆھپە قوشتى. بىز ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ ۋەتەننى، ئاۋمېننى سۆيۈشتەك شەرەپلىك ئەنئەنىنى جەزمەن داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئاۋمېننىڭ ئۇزاق مۇددەت مۇقىم بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ساقلاش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ ۋە مىللەتنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ئۇلۇغ ۋەتەن مەڭگۈ ئاۋمېننىڭ قۇدرەتلىك ئارقا تىرىكى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرىدىكى خەلق ئاۋمېننىڭ مۇقىم بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئۇنى قوللاپ كەلدى، ئاۋمېننىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى كۈنساناپ قويۇقلاشتى، ئاۋمېن قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋەتەننىڭ چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە باغلاشتىكى مۇھىم كۆۋرۈكلۈك ۋە كۆزنەكلىك رولى جەزمەن ئۈزلۈكسىز كۈچىيىدۇ. مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ۋە خەلقنىڭ خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىشىنىڭ تۈپ شەرتى. مەركىزىي ھۆكۈمەت ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ ئاۋمېننىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن قوللىنىدىغان بارلىق

زۆرۈر تەدبىرلىرىنى قەتئىي قوللايدۇ. مەن ئاۋمېن خەلقىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە ۋەتىنىمىزدىكى 1 مىليارد 200 مىليون خەلقىنىڭ قوللىشى، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشى ئارقىسىدا جەزمەن تېخىمۇ زور جاسارەتنى كۆرسىتىپ، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئاۋمېننىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

21-ئەسىرنىڭ تاڭنۇرى ئۇپۇق سىزىقىدا كۆرۈندى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى "تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش" فاڭجېنى بويىچە ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك ئۇلۇغ ئىشنى ئورۇندايدۇ. "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش"نىڭ شياڭگاڭ بىلەن ئاۋمېندا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈلۈشى تەيۋەن مەسىلىسىنىڭ بالدۇرراق ھەل قىلىنىشىدا جەزمەن ئىجابىي تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ھىمايە قىلىدىغان، ۋەتەننىڭ گۈللىنىشىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بارلىق ۋەتەنپەرۋەر زاتلار تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، جۇڭگونى باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك زامانىۋى دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشۇشى كېرەك. كەلگۈسىدىكى دۇنيا ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچلىققا قاراپ ماڭىدىغان، ھەرقايسى ئەللەر ئورتاق راۋاجلىنىدىغان ۋە ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىدىغان دۇنيا بولۇشى لازىم. جۇڭگو خەلقى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە دۇنيانىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىش ئۈچۈن ھارماي-تالماي كۈرەش قىلىشنى خالايدۇ!

ھەرقايسىلىرىڭىزغا رەھمەت.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئاۋمېن، 20-دېكابىر تېلېگراممىسى)**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەپ، يېپيېڭى دەۋرگە قەدەم تاشلايلى

ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى

بۇ يىل 12-ئاينىڭ 20-كۈنى دۆلىتىمىز ئاۋمېنغا ئىگىلىك هوقۇقى يۈرگۈزۈشنى ئەسلىگە كەلتۈردى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى رەسمىي قۇرۇلدى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق جۇڭخۇا پەرزەنتلىرى خۇشاللىققا چۆمۈپ، ئەسىر ئالمىشىدىغان پەيتتىكى بۇ تەنتەنىلىك بايرامنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

بۇ تەنتەنىلىك تارىخىي پەيتتە، بىز 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بۇيان جۇڭخۇا مىللەتلىرى تارتقان يۈز يىللىق ئار-نومۇسنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەپ ئۆتمەي تۇرالمىدۇق. ئەينى ۋاقىتتا، دۆلىتىمىز تولىمۇ ئاجىز ۋە نامرات بولغاچقا، فېئودال ھۆكۈمرانلارمۇ چىرىك ۋە ئىقتىدارسىز بولغاچقا، ئاۋمېن ۋەتەننىڭ قوينىدىن ۋاقىتلىق ئايرىلىپ كەتكەنىدى. ئەمما، جۇڭگو خەلقى ئىچ-ئىچىدىن چىقمۇۋاتقان چاقىرىقتىن ئىنچىل ۋاز كەچمىدى: گۈزەل ئاۋمېن ئەزەلدىن دۆلىتىمىزنىڭ مۇقەددەس زېمىنى، ئاخىر بىر كۈنى ۋەتەننىڭ قوينىغا قايتىپ كېلىدۇ. يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى ئاۋمېننىڭ قايتىپ كېلىشىگە ئۈمىد ئېلىپ كەلدى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئاۋمېننىڭ قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن تارىخىي خاراكتېرلىك پايدىلىق پۇرسەت يارىتىپ بەردى، ئاۋمېن ئاخىرى ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىش تەنتەنىسىنى قىلدى. ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكى چەت ئەلنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ جۇڭگودا ئۈزۈل-كېسىل ئاياغلاشقانلىقىدىن، جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەتەننىڭ ئار-نومۇسنى يۇيۇپ، روھىي ئازابتىن خالاس بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ؛ ئاۋمېننىڭ يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم باسقانلىقىدىن، جۇڭگو تارىخىدىمۇ شۇنىڭ بىلەن يېپيېڭى بىر سەھىپە ئېچىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇ تەنتەنىلىك تارىخىي پەيتتە، بىز سۆيۈملۈك يولداش دېڭ شياۋپىڭنى تېخىمۇ سېغىنىمىز. ئۇ ئىجادىي ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ ئۇلۇغ تەسەۋۋۇرى شياڭگاڭنىڭ قايتىپ كېلىشىدە ۋە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى شياڭگاڭدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئاۋمېن مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا يول ئاچتى. ئاۋمېننىڭ قايتىپ كېلىشى ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ تەسەۋۋۇرىنىڭ يەنە بىر مۇۋەپپەقىيىتى، ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ فاڭجېنىنىڭ يەنە بىر ئۇلۇغ غەلىبىسى. ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ

مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ماركسىزملىق دۆلەت تەلىماتىنىڭ ھازىرقى جۇڭگودىكى زور تەرەققىياتى. ئۇ بىزنىڭ تەيۋەن مەسىلىسىنى ئاخىر ھەل قىلىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇلۇغ ئىشىنى ئورۇندىشىمىز ئۈچۈن ئېنىق نىشان كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ مۇرەككەپ تالاش-تارتىشلارنى ھەل قىلىشى ئۈچۈنمۇ تامامەن يېڭى يول ئېچىپ بەردى. "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش" يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە ۋە خەلقئارا جەمئىيەتكە قوشقان بۈيۈك تۆھپىسى، شۇنداقلا بۈگۈنكى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىپتىخارى.

ئاۋمېن ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەركىزىي ھۆكۈمەت "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش" فاڭجېنىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، "ئاۋمېننى ئاۋمېنلىقلار ئىدارە قىلىش"نى، يۇقىرى دەرىجىدە ئاپتونومىيىنى يولغا قويىدۇ؛ ئاۋمېن ئېگىزلىك قانۇنى بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ دائىرىسىگە تەۋە ئىشلارغا ئارىلىشىۋالمايدۇ. ئاۋمېن ئېگىزلىك قانۇنى—"بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش" فاڭجېنىنىڭ قانۇن جەھەتتىكى نامايەندىسى، "ئاۋمېننى ئاۋمېنلىقلار ئىدارە قىلىش"نىڭ قانۇنىي ئاساسى، ئاۋمېننىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. ئېگىزلىك قانۇننى توغرا چۈشەنگەندىلا، ئېگىزلىك قانۇننى قەتئىي ئاساس قىلغاندىلا، ئاندىن ئالاھىدە مەمۇرىي رايون بىلەن مەركەزنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ، ئاندىن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ، ئاندىن "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش"، "ئاۋمېننى ئاۋمېنلىقلار ئىدارە قىلىش"، يۇقىرى دەرىجىدە ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئاۋمېنلىقلارمۇ، ئىچكى جايلاردىكىلەرمۇ ئېگىزلىك قانۇننى ئۆگىنىشى، تەشۋىق قىلىشى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشى لازىم.

ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇلۇغ ئىشىنى ئورۇنداشتىكى مۇھىم بىر قەدەم. شياڭگاڭ، ئاۋمېن مەسىلىسىنىڭ ھەل بولۇشىغا ئەگىشىپ، تەيۋەن مەسىلىسىنى بالدۇر ھەل قىلىپ، ۋەتەننى تولۇق بىرلىككە كەلتۈرۈش پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ كۈچلۈك ئارزۇسى ۋە ئورتاق تەلىپى بولۇپ قالدى. نەچچە مىڭ يىل داۋاملاشقان جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدە، دۆلەتنىڭ بىرلىكى باشتىن-ئاياغ تارىخنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلدى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئىنتايىن قەدىرلەيدىغان يۈكسەك نىشانىدۇر. بىرلىكتە چىڭ تۇرغانلار ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ، بۆلگۈنچىلىك قىلغانلار كىشىلەر تەرىپىدىن چۆرۈپ تاشلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، "تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش" ئاساسىي فاڭجېنى بىلەن تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىش جۇڭگو تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ چوڭ يۈزلىنىشى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئارزۇسى. تەيۋەن مەسىلىسىنى چەكسىز ئارقىغا سۈرەش مۇمكىن ئەمەس، لى دېڭخۇي ئېقىمدىكىلەر ۋە تەيۋەن دائىرىلىرىنىڭ قانداق سەپسەتە پەيدا قىلىشىدىن، قانداق تەدبىر قوللىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىش تارىخىي ئېقىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ.

ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئورتاق تەبرىكلەپ، يېپيېڭى دەۋرگە ئورتاق قەدەم

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاشلايلى. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇستەھكەم رەھبەرلىكى ئاستىدا ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار بىلەن ئىچكى جايلاردىكى خەلقلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، ئاۋمېننىڭ كەلگۈسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: دۆلقۇن قادىر**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىم

ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

يىغىندا، مەركەز ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى ئاچتى. بۇ — پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-، 4-ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن. يىغىن نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى ئىلمىي ھالدا تەھلىل قىلىپ، بۇ يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا يەكۈنلەپ، 2000-يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتنى ئورۇنلاشتۇردى. يىغىن پۈتۈن پارتىيىدىن مەركەزنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىپ، مەركەزنىڭ روھى بىلەن ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى، ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنى؛ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشنى؛ ئىشەنچنى كۈچەيتىپ، ئىتتىپاقلىـشىپ كۈرەش قىلىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش دېگىنىمىز شۇنداق دېگەنلىككى، يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىپ، ئىدىيىمىزنى مەركەزنىڭ نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئىچكى ۋەزىيەت توغرىسىدىكى تەھلىلى ۋە ھۆكۈمى شۇنىڭدەك شۇنىڭغا ئاساسەن بەلگىلىگەن ۋەزىپە ۋە فاڭجېن-سىياسەتلەر ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز لازىم. ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ، كاللىنى سەگەك تۇتۇپ، ئىلگىرىلەش نىشانىنى توغرا ئىگەللەپ، نۆۋەتتىكى ۋەزىپىنى ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە بىلەن، كونكرېت نىشانىنى ئومۇمىي نىشان بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي پروگراممىسىدا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزنى مەھكەم ئىگەللەپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، كۆزلىگەن نىشانىمىزنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

2000-يىل يېتىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەسىر ئالمىشىۋاتقان مۇھىم پەيتتە، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بولۇپمۇ ھەرقايسى چوڭ دۆلەتلەر كېلەركى ئەسىردىكى جىددىي خەلقئارا رىقابەتتە تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى تەڭشەشكە ۋە بېكىتىشكە ئالدىراۋاتىدۇ. پۈتۈن پارتىيىدىكىـلەر، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرى چوقۇم نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ماركسىزملىق

www.uyghurkitap.com

مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ئارقىلىق مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ، خەلقئارا سىياسەت ۋە ئىقتىسادنىڭ چوڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، چوڭ قۇرۇلمىسى، چوڭ يۈزلىنىشى ئۈستىدە ئەتراپلىق، توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى لازىم. دۇنيانىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىنى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئىشلارنى ئوبدان پىلانلاپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ئوبدان قىلغىلى بولىدۇ.

ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئىچكى ۋەزىيەت ئىلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز ئۈچۈن پايدىلىق. دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىش يۈزلىنىشى داۋاملىق تەرەققىي قىلماقتا، خەلقئارا ۋەزىيەت ئومۇمىي جەھەتتىن يەنىلا پەسىيشكە قاراپ يۈزلەنمەكتە، تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات يەنىلا دەۋرنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولماقتا. گەرچە دۇنيا يەنىلا تىنچ بولمىسىمۇ، بىراق خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە يېڭى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش مۇمكىن؛ كۆپ قۇتۇپلۇق قۇرۇلمىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا شەكىللىنىشى مۇرەككەپ كۈرەشكە تولغان ئۇزاق جەريانني بېسىپ ئۆتىدىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تارىخىي يۈزلىنىشنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. دۇنيا ئىقتىسادى-نىڭ تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشىدىن شۇنى كۆرىمىزكى، دۇنيا مىقياسىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلما تەڭشەلمەكتە، پەن-تېخنىكا ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلماقتا، دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ تەسىرى كۈندىن-كۈنگە زورايماقتا، ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىش يۈزلىنىشى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى ۋە كۆرسەتمەكتە. بىز ھەم يېڭى تەرەققىيات پۇرسىتىگە دۇچ كەلمەكتىمىز، ھەم قاتتىق سىناققا دۇچ كەلمەكتىمىز، بىز چوقۇم تەخىرسىزلىك تۇيغۇمىزنى كۈچەيتىپ، بىزگە پايدىلىق بولغان خەلقئارا مۇھىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ مەركەزنى مەھكەم تۇتۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە زورايتىپ، ئىقتىسادىي كۈچىمىزنى، دۆلەت مۇداپىئە كۈچىمىزنى ۋە مىللەتلىرىمىزنىڭ ئۇيۇشقاق-لىقىنى ئىرىشىپ ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

دۆلىتىمىز ئىچىدىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ياخشى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، مەركەز ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئايلىنىشىدىكى يېڭى ئەھۋالغا ئاساسەن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشكە پايدىلىق بولغان بىر قاتار يېڭى سىياسەت تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە قوللاندى. ئىقتىسادنىڭ مۇقىم ئېشىشىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بىز ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ھەمدە پۇل سىياسىتىنىڭ رولىنى ئىرىشىپ جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشى ئۈستىدە كۆپ خىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق تەڭشەش-تىزگىنلەش ئېلىپ باردۇق. ھەم ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان سېلىنمىنى كۆپەيتتۇق، ھەم كارخانىلار-نىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشىنى قوللىدۇق؛ ھەم مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق بازارنى جانلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردۇق، ھەم ئاھالىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، ئىستېمال قىلىشقا يول كۆرسەتتۇق ۋە رىغبەتلەندۈردۇق؛ ھەم ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتتۇق، ھەم ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر خىل ئامىللار بىلەن خەلقئارا بازارنى ئاچتۇق؛ ھەم پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇردۇق، ھەم جەمئىيەتنىڭ

مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇق. پۈتۈن پارتىيىنىڭ مەركەزنىڭ تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشى، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى، ئورتاق تىرىشىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشى ئارقىسىدا، يېزا ئىگىلىكىدىن بىرقەدەر ياخشى ھوسۇل ئېلىندى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېشىشى بىرقەدەر تېز بولدى، تاشقى سودا ئېكسپورتى چۈشۈپ كېتىشتىن توختاپ ئۆرلەشكە باشلىدى، پۇل مۇئامىلىسى بىرقەدەر مۇقىم بولدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى داۋاملىق ياخشىلاندى، جەمئىيەت مۇقىم بولۇپ تۇردى. دەرۋەقە، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا بەزى گەۋدىلىك مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت، ئاساسلىقى ئۈنۈملۈك ئېھتىياجنىڭ يېتىشمەسلىكى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولغان بېسىمنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشى، دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئېشىشىنىڭ ئاستا بولۇشى، قۇرۇلما مۇۋاپىق بولماسلىق زىددىيىتىنىڭ تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ چىقىشىدىن ئىبارەت. دۆلىتىمىز يېقىندا دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش ھەققىدە ئامېرىكا بىلەن ئىككى تەرەپلىك كېلىشىم تۈزدى. دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولىدۇ، ئەينى ۋاقىتتا بىزنى قاتتىق سىناقمۇ دۇچار قىلىدۇ. ھەر تەرەپلىمە تەھلىل قىلغاندا شۇنداق خۇلاسىگە كېلەلەيمىزكى، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى داۋاملىق تۈردە ياخشى تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا، يىلنىڭ بېشىدا مۆلچەرلەنگەن ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بىرقەدەر مۇرەككەپ بولغان خەلقئارا مۇھىت ۋە ئىچكى مۇھىتتا ئىقتىسادنىڭ بىرقەدەر يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىشىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىمىز ئاسان ئىش ئەمەس ، بۇ مەركەزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت توغرىسىدىكى تۈرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلىرىنىڭ تامامەن توغرىلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، بىز ئۈچ مۇھىم پرىنسىپنى ئىگەللىشىمىز لازىم: بىرىنچى، تەرەققىيات يولىنى تۇتۇپ ئىلگىرىلەش داۋامىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم؛ ئىككىنچى، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە لايىقلىشىپ ماكرو ئىقتىسادىي سىياسەتنى ۋاقتى-ۋاقتىدا تەڭشەپ تۇرۇش لازىم؛ ئۈچىنچى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان چوڭ ئىشلارنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى تۇتۇش لازىم. بۇ تەجرىبىلەر يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، پارتىيىمىزنىڭ پۇل پاخاللىقىنى ۋە ئىقتىسادنىڭ زىيادە قىزىپ كېتىشىنى تىزگىنلەپ، ئىقتىسادنى ”سالماقلىق بىلەن ئىزىغا چۈشۈرۈش“كىلا قابىل بولۇپ قالماي، بەلكى پۇل قىس بولۇشتەك يېڭى ۋەزىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقىمۇ قابىل بولۇپ، مۇرەككەپ ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى تىزگىنلەش ۋە زور ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىقىنى، ماكرو ئىقتىسادنى باشقۇرۇش سەۋىيىسىنىڭ تۈپتىن ئۆسكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىز مۇشۇ پرىنسىپلارنى ئوبدان ئىگەللىسەكلا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز.

نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئىچكى ۋەزىيەتنى ئىلمىي تەھلىل قىلىش ۋە تونۇش ئاساسىدا، مەركەز ئېلىمىزنىڭ كېلەر يىللىق ئىقتىسادىي خىزمىتى ھەققىدىكى يېتەكچى ئىدىيە، ئومۇمىي تەلەپ ۋە ئاساسلىق ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىز مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى

سۇرىدىغان بىر قاتار سىياسەت تەدبىرلىرىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشىمىز لازىم. ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش سىياسىتىدە چىڭ تۇرغانلىق تەرەققىياتتا چىڭ تۇرغانلىق بولىدۇ. بىز ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنى داۋاملىق يۈرگۈزۈشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پۇل سىياسىتىنىڭ رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇشىمىز، ھەر خىل پۇل سىياسىتى قوراللىرىنى تەڭ قوللىنىپ، پۇل تەمىنلەش مىقدارىنى مۇۋاپىق ئاشۇرۇپ، پۇل مۇئامىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكسىلىشنى يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇشىمىز، مەبلەغ ئېھتىياجىنى كېڭەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىستېمال ئېھتىياجىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىشىمىز، تۈرلۈك ئامىللار بىلەن مەھسۇلات ئېكسپورتىنى كېڭەيتىشىمىز لازىم. ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى زور كۈچ بىلەن تەڭشەپ، كەسىپنى سەرخىللاشتۇرۇش ۋە يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئىستراتېگىيە جەھەتتىن تەڭشەپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇپ، 1-، 2-، 3-كەسىپلەر ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەتنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، رايون ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، رايونلار ئىقتىسادىنىڭ تەڭگەش تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، قۇرۇلمىنى يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈش ۋە سەرخىللاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادىي يۈكسىلىشنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم. پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل ئىكەنلىكىنى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ يېتەكچى كۈچى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىمىز لازىم. يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىشىمىز، مائارىپقا ئېتىبار بېرىپ، پەن-تېخنىكا ئىختىساسلىق خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، پەن-تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي يۈكسىلىشنى ھەقىقىي تۈردە پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىش يولىغا يۆتكىشىمىز لازىم. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى مەركىزىي ھالقا قىلغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى كېلەر يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش قاتارىغا قويۇشىمىز، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئۈچ يىللىق ئىسلاھات ۋە قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش باسقۇچلۇق نىشانىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىدىيە جەھەتتە ئۇزاق مۇددەت ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشقا تەييارلىنىپ تۇرۇشىمىز، ھەم دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىسلاھاتنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ھەم تۈرلۈك يۈرۈشلەشكەن ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى تاشقى مۇھىت يارىتىشىمىز لازىم. شەھەر-بازار ئاھالىلىرى ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى تۈرلۈك ئامىللار بىلەن كۆپەيتىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىشىمىز، بولۇپمۇ شەھەر-يېزىلاردىكى كىرىمى تۆۋەنلەرنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچى-

لەرنىڭ ئاساسىي تۈرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدىشىمىز لازىم.

بۇ ۋەزىپىلەرنى مەركەز نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئىچكى ۋەزىيەتكە ئاساسەن، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى نەزەردە تۇتۇپ ھەممە ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتنىڭ تەلىپىنى نەزەرگە ئېلىپ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ۋەزىپىلەرنى ھەقىقىي ئورۇنداش-ئورۇندىيالماسلىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىيىتى بىلەن، ئېلىمىزنىڭ قانداق قىياپەت بىلەن 21-ئەسىرگە كىرىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ئومۇمىيلىق يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ بۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ، جۇرئەتلىك بىلەن سىناقنى كۈچەيتىشى، قىيىنچىلىقتىن قورقماي جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشى، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلىشى، مەركەزنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنىڭ تولۇق ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇمىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، تېخىمۇ زور نەتىجىلەر بىلەن يېڭى ئەسىرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىشى لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچى: خۇدابەردى خېلىل**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

www.uyghurkitap.com

# ئىچكى تەلەپنى يەنىمۇ كۆچەيتىش توغرىسىدا

ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

يېقىندا مەركىزىي كومىتېت چاقىرغان ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىدا بەش تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپە ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇنىڭ بىرىنچىسى ئىچكى تەلەپنى كۈچەيتىش. يىغىندا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: مەيلى ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتە بولسۇن، ياكى كېلەر ئەسىردىكى ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتنى كۆزلىگەندە بولسۇن، ئىچكى تەلەپنى كۈچەيتىشنى ئاساس قىلىدىغان تەرەققىيات فاڭجېنىنى يولغا قويۇش مۇھىم شەرت. بۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئۆتكەن يىلدىن بۇيان يولغا قويۇپ كەلگەن ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەدبىرىنىڭ يېڭى راۋاجى، شۇنداقلا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەش، ئىقتىسادىي ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى تونۇش ئاساسىدا ۋە ئۇنۇملۇك تەلەپ يېتەرسىز بولۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەسىلىنى ھەل قىلىش يولىدا قوللانغان توغرا تەدبىرى.

1997-يىل 10-ئايدىن باشلاپ، مەملىكىتىمىزدە ئىجتىمائىي پارچە سېتىلىدىغان تاۋارلار باھاسىنىڭ كۆرسەتكۈچ سانى ئىزچىل تۆۋەنلەپ كەتكەچكە، ئۈنۈملۈك تەلەپ يېتەرسىز بولۇش قىيىنچىلىقى پەيدىنپەي گەۋدىلىنىپ چىقىپ، مەملىكىتىمىزدە ئىقتىسادىي ھەرىكەتتىكى گەۋدىلىك زىددىيەتكە ئايلىنىپ قالدى. خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىياتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا بېقىپ، ئىچكى تەلەپنى كۈچەيتىش، ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇش كېرەك دېگەن كەسكىن تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇلتۇر قىيىن ئەھۋالدىمۇ مەملىكىتىمىز 7.8 پىرسەنتلىك ئېشىش سۈرئىتىنى ساقلاپ قالدى، بۇ ھال پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۈنۈملۈك، تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ يىل 7-ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن مالىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇش سالمىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پۇل سىياسىتىنىڭ رولىنى تىرىشىپ جارى قىلدۇرۇش، باج، باھا قاتارلىق ئىقتىسادىي پىشاڭنى تەڭشەشنى ماسلىشىپ، مەبلەغ سېلىنمىسى، ئىستېمال ۋە ئېكسپورت تەلىپىنى ئۈنۈملۈك قوزغاش، قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى تېزلىتىش، ئىسلاھاتنى پۇختا قەدەم بىلەن سىلجىتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ھەقىقىي ساقلاش، خەلق ئىگىلىكىنى داۋاملىق تۈردە ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەكلىكىنى قايتا ئوتتۇرىغا قويدى. 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «قارار»دىمۇ ئىچكى تەلەپنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پايدىلىق بولغان ماكرو ئىقتىسادىي مۇھىت يارىتىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى

سۈرۈش كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىز چوقۇم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلىرىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇشىمىز كېرەك. خىزمەتنىڭ سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تەدبىر قوللىنىپ، بۇ تەدبىرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

## ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستراتېگىيىلىك فاكچىن

ئىچكى تەلەپنى يەنىمۇ كۆچەيتىش ئۈچۈن، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئىچكى تەلەپنى كۆچەيتىش، ئىچكى بازارنى ئېچىش ئادەتتىكى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بولماستىن، بەلكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك فاكچىنى؛ ۋاقىتلىق تەدبىر بولماستىن، بەلكى ئۇزاق مۇددەتلىك خىزمەت ۋەزىپىسىدۇر. بۇ مەسىلىنى مۇشۇنداق تونۇغاندىلا، ئاندىن مەركەزنىڭ تەدبىرلىرىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرالايمىز ۋە ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرەلەيمىز.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىلگىرى، تەرەققىيات—چىڭ قائىدە، دەپ قايتا-قايتا تەكىتلەپ كۆرسەتكەندى. دۆلىتىمىز ئاھالىسى كۆپ، ئاساسى ئاجىز، تەرەققىي قىلمىغان سوتسىيالىستىك چوڭ دۆلەت. تەرەققىيات—بىز دۇچ كېلىۋاتقان جىمى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. بىز باشتىن-ئاخىر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەككى، ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات مەزگىلىدە، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش فاكچىنىدىمۇ تېگىشلىك ئۆزگىرىش بولۇشى كېرەك. ئۆتكەن خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلدە، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادى ئومۇمىي جەھەتتىن "كەمتۈك ئىگىلىك" ھالىتىدە تۇرغاچقا، ئۇنۇملۈك تەمىنات ئېغىر ھالدا يېتەرسىز بولغانىدى. شۇ مەزگىللەردە، ئومۇمىي تەلەپنىڭ ھەددىدىن تېز ئېشىپ كېتىشىنى تورمۇزلاپ، تەمىنلەش بىلەن تەلەپنىڭ ئومۇمىي تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشنى ئىقتىسادنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى كاپالەتلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم تەدبىرى قىلماي بولمايتتى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى يولغا قويۇلغاندىن بېرى، مەملىكىتىمىز ئىقتىسادى تېز تەرەققىي قىلدى، 90-يىللارغا قەدەم قويغاندىن بۇيان، ئىچكى بازارلارنىڭ تەمىنلەش-تەلەپ ئەندىزىسىدە تۈپ ئاساستىن ئۆزگىرىش بولدى، ساتقۇچىلار بازىرى سېتىۋالغۇچىلار بازىرىغا ئۆزگىرىپ، بىرمۇنچە مەھسۇلاتلاردا تەمىنلەش تەلەپتىن ئېشىپ كەتتى. ئىلگىرىكى "كەمتۈك ئىگىلىك"كە سېلىشتۇرغاندا، بۈنى ھەقىقەتەنمۇ زور ئىلگىرىلەش دېيىشكە بولىدۇ، ئەمما ئۇنۇملۈك تەلەپتىكى يېتەرسىزلىك مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىنى قاتتىق بوغۇپ قويۇپ، نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ھەرىكەت جەريانىدىكى ئاساسلىق مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. قانداق قىلىپ تەلەپكە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئۇنۇملۈك تەلەپنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش مەسىلىسى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلدە تازا كۈچەپ تەتقىق قىلماي ۋە ھەل قىلماي بولمايدىغان يېڭى بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. خەلقئارا تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغان-

www.uyghurkitap.com

دا، ئۈنۈملۈك تەلەپنى كۆچەيتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، مەبلەغ سېلىنمىسىغا بولغان تەلەپنى قوزغاش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا، مەبلەغ سېلىنمىسىنى كۆچەيتىپ، باشقا تەدبىرلەرنىمۇ قوشۇمچە قوللىنىپ، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۆچەيتىش، كارخانىلارنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، مەبلەغ سېلىنمىسىغا بولغان تەلەپنى كۆچەيتىش، شۇنىڭدەك ئىستېمال تەلىپىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇش ئارقىلىق، تەلەپنىڭ يېتەرسىز بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇ فاكچېن مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتى-نىڭ قانۇنىيىتىگە باب كېلىدىغان مۇھىم فاكچېندۇر.

دۆلەت كارخانىلىرى خەلق ئىگىلىكىمىزدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى پۈتكۈل ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. نۆۋەتتە، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ئاتاكا باسقۇچىدا تۇرماقتا، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى ھەل قىلغۇچ مەزگىلگە قەدەم قويدى. قانداق قىلىپ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ماكرو ئىقتىسادىي مۇھىت يارىتىش مەسىلىسىنى دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى بىلەن مەغلۇپ بولۇشىغا ۋە يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۈنۈملۈك تەلەپ كۆچەيسە، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىدا ئازادە، ياخشى ماكرو ئىقتىسادىي مۇھىت يارىتىلغان بولىدۇ-دە، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كەڭ بازار ئېچىلىدۇ؛ تەرەققىيات داۋامىدا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى تېزلەشسە، ئىسلاھاتمۇ خېلى زور ئىمكانىيەتكە ۋە ماددىي ئاساس جەھەتتە كۈچلۈك ياردەمگە ئېرىشەلەيدۇ، ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىچكى تەلەپنى يەنىمۇ كۆچەيتىش، ئىچكى بازارنى ئېچىشنىڭ ئۆزىمۇ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئېھتىياجىدۇر.

ئىچكى تەلەپنى كۆچەيتىش بىلەن ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى نەرسە ئەمەس. بارلىق ئامال-چارە بىلەن مەھسۇلات ئېكسپورتىنى كۆپەيتىپ، تاشقى مەبلەغدىن پائال تۈردە ئۈنۈملۈك پايدىلانغاندا، مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ماكانىنى كېڭەيتكىلى بولىدۇ، بۇنىڭ ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە سەل قاراپ بولمايدىغان رولى بار. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىن ھاسىل قىلىنغان ئاساسىي تەجرىبىدۇر. مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى بىرقەدەر ئاز مەزگىلدە، ئېكسپورتنى كۆپەيتىش ۋە تاشقى مەبلەغدىن پايدىلىنىش يولى بىلەن ئىقتىسادنىڭ بىرقەدەر زور ھەجىمدە يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇمكىن ئىدى. 20 يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىر دۇنيا ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت ئادەتتىن تاشقىرى كەسكىنلەشمەكتە، شۇڭا، ئەگەر بىز بارلىق ئامال-چارە بىلەن ئېكسپورتنى كۆپەيتمەيدىغان ۋە تاشقى مەبلەغدىن ئاكتىپ پايدىلانمايدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشىگە بولغان تۈرتكىلىك رولى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، پارتىيە مەركىزىي

كومتېتى ۋە گوۋۇيۇەننىڭ تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئېكسپورت تەلپىنى كۆچەيتىش ۋە تاشقى مەبلەغدىن پايدىلىنىش بىلەن بىرگە ئىچكى تەلەپنى كۈچەيتىشنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە كۆرسىتىدىغان مۇھىم رولىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى تامامەن توغرا. بىز بۇ ئىككى مەسىلىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىپ، ئىچكى تەلەپنى كۈچەيتىشنى ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش بىلەن ئوبدان بىرلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

## ئۈچ بىرلەشتۈرۈشنى چۈشىنىش كېرەك

مەملىكىتىمىزدە نۆۋەتتىكى ئۈنۈملۈك تەلەپنىڭ يېتەرسىز بولۇشى تۈزۈلمىدە ۋە ئىقتىسادىي ئەندىزىدە بۇرۇلۇش بولغان مەزگىلدە شەكىللەنگەن، يېتىلگەن بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئۈنۈملۈك تەلەپنىڭ يېتەرسىز بولۇشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئىچكى تەلەپنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، بىز بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى تولۇق تونۇپ، مۇنداق ئۈچ بىرلەشتۈرۈشنى چۈشىنىشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، مەبلەغ سېلىنمىسىغا بولغان تەلەپنى كۈچەيتىشنى ئىستېمال تەلپىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. نۆۋەتتىكى ئۈنۈملۈك تەلەپنىڭ يېتەرسىز بولۇشى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئومۇمىي جەھەتتىن يۇقىرى بولمىغان ئەھۋالدا كېلىپ چىققان. ئىگىلىكىمىز 20 يىل تېز سۈرئەتتە يۈكسىلىش ئارقىسىدا، تاۋار كەمچىل بولۇش ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگىرىپ، بەزى مەھسۇلاتلاردا ئوشۇقچىلىق كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر تەرەپلىك ئىشلەپچىقىرىش ئوشۇقچىلىقى كېلىپ چىققىنى يوق، مەيلى ئىستېمال تەلپى بولسۇن ياكى مەبلەغ سېلىنمىسى تەلپى بولسۇن، تويۇنۇش دەرىجىسىگە يېتىشتىن يىراقتا تۇرماقتا. خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ، كىيىم پۈتۈن-قورساق توق بولۇش ھالىتىدىن ھاللىق سەۋىيىگە بۇرۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي سەۋىيە يەنىلا يۇقىرى ئەمەس، خەلقنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى تېخى تولۇق قامدالغىنى يوق، ئومۇمىي ئىستېمال سەۋىيىسى يەنىلا بىرقەدەر تۆۋەن، كىشلەرنىڭ ئىستېمال ئارزۇسى ناھايىتى يۇقىرى. دۆلىتىمىز—نوپۇسى كۆپ چوڭ دۆلەت، ئىستېمال بازىرىدا ماكان ۋە يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى زور. بولۇپمۇ 800 مىليوندىن ئارتۇق دېھقان يېزىدا ياشايدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسى شەھەر-بازار ئاھالىسىنىڭ ھازىرقى ئىستېمال سەۋىيىسىگە يېتىدىغان بولسا، مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 3-2 ھەسسە ئېشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. دۆلىتىمىز—تەرەققىي قىلىۋاتقان چوڭ دۆلەت، ھازىر كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئاران 800 ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ، دېمەك، دۆلىتىمىز دۇنيادىكى ئوتتۇرا، تۆۋەن دارامەتلىك دۆلەتلەر قاتارىغا تېخى ئەمدى كىردۇق، تەرەققىيات ئىمكانىيىتى زور دېگەن گەپ. مەسىلەن، بۇلتۇر ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشىدە مەبلەغ سېلىنمىسى تەلپىنى ئاشۇرۇش ۋاستىسىنىڭ تۆھپە نىسبىتى 63% كە يەتتى. تاشقى سودىگەرلەر جۇڭگوغا كېلىپ مەبلەغ

سىلىشتا دەل مۇشۇنداق زور يوشۇرۇن ئىمكانىيەتنى كۆزلەيدۇ. بىز ئۆزىمىز بۇنداق يوشۇرۇن ئىمكانىيەتنى تېخىمۇ كۆزۈپ يېتىشىمىز، ئۇنى بار ئامال بىلەن ئىشقا سېلىشىمىز كېرەك. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسى ھېلىھەم بىرقەدەر تۆۋەن بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمىزنىڭ ھېلىتىن بازار تەلىپىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچراشقا باشلىشى تولىمۇ تېگىشلىك بولمىغان غەيرىي نورمال ئەھۋالدۇر، بۇ ھال مەبلەغ سېلىنمىسىغا بولغان تەلەپ جەھەتتىكى ئىمكانىيەتنىڭ زور ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىزدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى، ئىقتىساد تازا تەرەققىي تاپتى، شۇڭا مەبلەغ سېلىنمىسىغا بولغان تەلەپنى كۈچەيتىش جەھەتتە قىلغۇدەك ھېچقانچە ئىش قالمىدى دەيدىغان خاتا چۈشەنچە پەيدا بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. شۇڭا ئىچكى تەلەپنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، مەبلەغ سېلىنمىسىغا بولغان تەلەپنى كۈچەيتىشنى ئىستېمال تەلىپىنى كۈچەيتىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تەمىناتنى كۆپەيتىش بىلەن ئىچكى بازارنى ئېچىش، ئىچكى تەلەپنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنى بىللە تۇتۇش كېرەك.

ئىككىنچى، ئىچكى تەلەپنى كۈچەيتىشنى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ياخشىلاش ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. نۆۋەتتىكى ئۈنۈملۈك تەلەپنىڭ يېتەرسىز بولۇشىنى ھەرگىزمۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇتلەق ئۇشۇقچىلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولماستىن، بەلكى ئۇ كۆپرەك مەلۇم مەھسۇلاتلارنىڭ ۋە مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئۇشۇقچىلىقىنىڭ بازاردىكى ئىپادىسىدۇر. نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ مەبلەغ تۈزۈلمىسىدە ۋە باھا تۈزۈلمىسىدە نۇرغۇن ئىللەتلەر ساقلىنىپ كەلدى، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىدە قارىغۇلارچە مەبلەغ سېلىش ۋە تەكرار قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر بولدى، بۇ ھال مەلۇم تارماق ۋە كەسىپلەردە ئېغىر ھالدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇشۇقچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئومۇمىيلىقتا ياتىدىغان ئىستراتېگىيەلىك تەڭشەش ۋە ئىستراتېگىيىلىك ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ئىشى بىر كېچىدىلا قىلىۋەتكىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس، شۇ سەۋەبتىن، نۆۋەتتىكى قۇرۇلما خاراكتېرلىك زىددىيەت ئىنتايىن گەۋدىلىنىپ كەتكەن؛ مەملىكىتىمىزدە سانائەتلەشتۈرۈش ئىشى دەسلەپكى باسقۇچتىن ئوتتۇرا باسقۇچقا ئۆتۈش مەزگىلىدە تۇرماقتا، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈشتە بېسىم ۋە قىيىنچىلىق ئىنتايىن زور، ئەمگەكنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان مەھسۇلاتلار كۆپرەك، تېخنىكىنى ۋە مەبلەغنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان مەھسۇلاتلار بىرقەدەر ئاز؛ ئۇنىڭ ئاستىگە، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن بازار تېخى شەكىللەنگىنى يوق، رايونلار ئارا تاۋار ئوبوروتىدا ھېلىھەم مەلۇم توسالغۇ مەۋجۇت، ترانسپورت شارائىتى بىرقەدەر قالاق، بازار ئۇچۇرىغا بولغان ئىنكاس تېز ئەمەس، شۇڭا بەزى مەھسۇلاتلارنىڭ ئۇشۇقچىلىقى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى. دۆلىتىمىزدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، مەملىكىتىمىزدىكى 600 خىل ئاساسلىق تاۋارنىڭ 30 پىرسەنتىدە تەمىنلەش تەلەپتىن ئېشىپ كېتىپ، ئېغىر ھالدا قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئۇشۇقچىلىق كېلىپ چىققان. بىر جەھەتتىن، بەزى مەھسۇلاتلارنىڭ ۋە مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ ئۇشۇقچىلىقى سۈپەت ۋە ئۈنۈم بىرقەدەر تۆۋەن سەۋىيىدىكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، بازاردىكى رىقابەت كۈچىنىڭ

ئاجىز بولۇشىدىن كېلىپ چىققان. يەنە بىر جەھەتتىن، سۈپىتى ياخشى، تېخنىكا تەركىبى يۇقىرى، رىقابەتلىشىش كۈچى كۈچلۈك بولغان خېلى كۆپ مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرالمىغانلىقىمىز ياكى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، چەت ئەلدىن ئىمپورت قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. بۇ ھال بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئىشنى تەمىنات جەھەتتىن باشلاپ، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىش يولى بىلەن قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق تەلەپنىڭ يېتەرسىز بولۇشىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە ئاساسلىق تەدبىر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بىز ئىچكى تەلەپنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە ياخشىلاش، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى تەمىنات قۇرۇلمىسىنى يېڭى تەلەپ قۇرۇلمىسىغا ماسلاشتۇرۇپ، يېڭى ئىستېمال تەلىپىنى قوزغاپ، يېڭى كەسىپ قۇرۇلمىسى ئاساسىدا ئىقتىسادنىڭ تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشىمىز لازىم.

ئۈچىنچى، دېڭىز بويىدىكى شەرقىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. مەملىكىتىمىزدە دېڭىز بويىدىكى شەرقىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئاساسى بىرقەدەر ياخشى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىمكانىيىتى يەنىلا ئىنتايىن زور، بۇ رايونلارنىڭ مەبلەغ سېلىنمىسىغا بولغان تەلىپى ھېلىھەم ناھايىتى كۈچلۈك. مەبلەغ سېلىنمىسىغا بولغان تەلەپنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، مەبلەغ سېلىش سىجىللىقىنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ۋە مەبلەغ سېلىنمىسىغا بولغان تەلىپىنىڭ كۈچىيىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. دېڭىز بويىدىكى شەرقىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادى بىرقەدەر تەرەققىي تاپتى، شەھەر-يېزا ئاھالىسىنىڭ دارامەت سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى، ئىستېمال تەلىپىدە يوشۇرۇن ئىمكانىيەت خېلى چوڭ. مەركەزنىڭ تەدبىرلىرىگە ئاساسەن، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاھالىلەرنىڭ پۇل ئامانىتىنى ئىستېمالغا يېتەكلەش كېرەك. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تولىمۇ ناتەكشى، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى يەنىلا بىرقەدەر قالاق، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا يوشۇرۇن ئىمكانىيەت تېخىمۇ زور. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق بولغان نۇرغۇن مەھسۇلاتلاردا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يېتەرسىز بولغاچقا، شەھەر-يېزا خەلقىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداپ كەتكىلى بولمايۋاتىدۇ. شۇڭا، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش مەبلەغ سېلىنمىسىغا بولغان تەلەپنى ۋە ئىستېمال تەلىپىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم تەدبىرى ھېسابلىنىدۇ. يېقىندا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى دۆلىتىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىپ، بىر قاتار سىياسەت تەدبىرلىرىنى تۈزدى، بۇ ھال ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئۈنۈملۈك تەلەپنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. نۆۋەتتە مۇھىمى بۇ سىياسەت تەدبىرلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

www.uyghurkitap.com

# سىياسەتكە تايىنىش، تېخىمۇ مۇھىمى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن قانداق قىلىپ ئىچكى تەلەپنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا مۇھىم ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىرىنچىدىن، ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇش، بىر قىسىم ئۇزاق مۇددەتلىك زايوملارنى كۆپەيتىپ تارقىتىش، مەبلەغ سېلىنمىسىنىڭ ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشىگە كۆرسىتىدىغان تۈرتكىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇشنىڭ سىجىللىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مەبلەغ سېلىش سىياسىتىنى ۋە ئىنتىزامىنى چىڭىتىش، مەبلەغ سېلىش نۇقتىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، بۇ پۇلنى ئاساسلىقى تۇتۇش قىلىنغان ئاساسىي مۇئەسسەسە تۈرلىرىگە، نۇقتىلىق كەسىپلەرنىڭ تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىش ئىشلىرىغا، چوڭ-چوڭ تۈرلەرنىڭ جابدۇقلىرىنىڭ ئۆزىمىزدە ئىشلەنگەن بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىشلىرىغا، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلارنى كەسىپلەشتۈرۈشكە، مۇھىت ئاسراش ۋە ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا شۇنىڭدەك ئىلىم-پەن، مائارىپقا دائىر ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىش كېرەك. سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىش، قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، رەسمىيىتى تولۇق پۈتتۈرۈلمەي ئۇدۇللۇق ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇرۇلۇشلارنى، كۆز بويامچىلىق بىلەن پۈتتۈرۈلىدىغان قۇرۇلۇشلارنى ۋە سۈرەلمە قۇرۇلۇشلارنى قەتئىي توسۇش كېرەك. بۇ—ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىدە نەتىجە ھاسىل قىلىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ئىككىنچىدىن، شەھەر-بازار ئاھالىلىرىنىڭ ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئىستېمال تەلىپىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى ئاساسەن يېقىنقى يىللار مابەينىدە شەھەر-بازار ئاھالىلىرىنىڭ ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ كۆپىيىشى ئاستىلاپ كېتىپ، سېتىۋېلىش كۈچى ئاجىزلاپ قالغانلىقىدىندۇر. ئىستېمال تەلىپىنىڭ يېتەرسىز بولۇشىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسلىق تەدبىرى يەنىلا ئاھالىنىڭ بارىچە ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىمكانىيىتىنى كېڭەيتىپ، شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۈچىنچىدىن، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىستېمالنىڭ يېڭى قىزىق نۇقتىلىرىنى زور كۈچ بىلەن ھاسىل قىلىپ، ئىستېمال دائىرىسىنى تېخىمۇ كۆپلەپ ئېچىپ، ئىستېمال تەلىپىنىڭ كۆپىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. مەسىلەن، ئاھالىلەرنىڭ تۇرار جاي ئىستېمالىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆي-زېمىن سودا بازىرىنى جانلاندۇرۇپ، ئاھالىلەرنىڭ ئۆي سېتىۋېلىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك؛ مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم، بۇنىڭدا ھەم ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ بىلىم ئۆگىنىش ئارزۇسىنى قاندۇرۇپ، ئاھالىلەرنىڭ نۆۋەتتىكى ئىستېمال ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى، ھەم خەلقنىڭ ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە، ئىلىم-پەن، مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشكە پايدا يەتكۈزگىلى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى كۆز ئالدىمىزدىكى بېسىمنى يېنىكلەتكىلى بولىدۇ.

ئىچكى تەلەپنى كۈچەيتىشتە سىياسەتكە تايىنىش، تېخىمۇ مۇھىمى ئىسلاھاتقا تايىنىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، ئىسلاھاتنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىسلاھاتنىڭ سالمىقىنى چوڭايتىش كېرەك. ھازىر ئۆنۈملۈك تەلەپنىڭ يېتەرسىز بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر قاتلاملىق تۈزۈلمە خاراكتېرىنى ئالغان مەسىلە مەۋجۇت. مەسىلەن، نۆۋەتتىكى مەبلەغ سېلىش-مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تۈزۈلمىسى شارائىتىدا، بىر تەرەپتىن، خەلق كاپىتالىنى ئۈگۈشلۈق ھالدا مەبلەغ سېلىنمىسىغا ئايلاندۇرغىلى بولمىغاچقا، مەبلەغ سېلىنمىسى جەھەتتىكى تەلەپنىڭ كۆچىيىشىگە تەسىر يەتمەكتە، شۇنىڭ بىلەن بىللە، قارىغۇلارچە تەدبىر كۆرۈش ئەھۋالى مەۋجۇت، مەبلەغ سېلىش تەدبىرىنىڭ ئاخىرقى جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئادەم يوق، شۇ سەۋەبتىن، تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش، قۇرۇلما ئوخشاش بولۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئوشۇق بولۇشتەك ئەھۋاللار كېلىپ چىقتى؛ كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە مەسىلە مەۋجۇت بولغاچقا، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇشى بازار تەلىپىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشالمايدىغان، مەھسۇلاتلار بازارغا لايىق كەلمەيدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقتى. ئىسلاھاتنىڭ سالمىقىنى چوڭايتمىغاندا، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق تۈزۈلمە خاراكتېرلىك بۇ توسالغۇلارنى تۈگەتمىگەندە، تەكرار قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش داۋاملىق ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ، سۈپىتى ناچار، ئىقتىدارى ۋە تېخنىكا تەركىبى تۆۋەن، بازارنىڭ تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان مەھسۇلاتلار داۋاملىق زور مىقداردا ئىشلەپچىقىرىلىپ، قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئوشۇقچىلىق تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ-دە، ئىچكى تەلەپنى يەنىمۇ كۆچەيتىش مەسىلىسى قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارايدىغان بولساق، مەبلەغ سېلىش-مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ھۆكۈمەت سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، خەلقنى مەبلەغ سېلىشقا پائال رىغبەتلەندۈرۈش ۋە يېتەكلەش مەبلەغ سېلىنمىسىغا بولغان تەلەپنى قوزغاشتىكى مۇھىم تەدبىردۇر. كارخانىلارنىڭ مەبلەغ سېلىش جەھەتتىكى ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى چوڭايتىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش جەھەتتىكى خەلقئارا ئومۇمىي قائىدىنى ئەينەك قىلىش، مەبلەغ سېلىش ساھەلىرىنى كېڭەيتىش، خەلقنى دۆلەت رىغبەتلەندۈرىدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە مەبلەغ سېلىشقا يېتەكلەش لازىم. دارامەت تەقسىماتى تۈزۈلمىسىنى ۋە ئىستېمال تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، ئىستېمال مۇھىتىنى تېزدىن ياخشىلاش، ئىستېمال جەھەتتىكى ئىناۋەتلىك قەرز ئىشلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش، بازار تەرتىپىنى رەتكە سېلىپ، يالغان، ناچار، ساختا مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا زەربە بېرىش، سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەتچىلىكنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق يوللار بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىستېمال جەھەتتىكى يوشۇرۇن ئىمكانىيىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قېزىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئۇنىۋېرسال يۈرۈشلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش كېرەك. نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدە ئۆنۈملۈك تەلەپنىڭ يېتەرسىز بولۇشى بەزى ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ يۈرۈشلەشمىگەنلىكى ۋە ئەمەلىيلەشمىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، مەملىكىتىمىزدە ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىندى. بۇ تامامەن زۆرۈر. ئەمما ئەسلىدىكى تۈزۈلمە ئىسلاھ قىلىنىش بىلەن بىللە، يېڭى ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى ئورنىتىلمىدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلمىدى، ئائىلىۋى كاپالەتنىڭ رولىنىڭ مۇھىملىقى يېڭىباشتىن گەۋدىلىنىشكە باشلىدى، كىشىلەرنىڭ تۇرالغۇ جاي، داۋالىنىش، سۇغۇرتا ۋە بالا تەربىيىلەش جەھەتتىكى چىقىمى ئۆرلەپ كەتتى، شەھەر-يېزا ئاھالىسى قولىدىكى پۇلنى يۈرەكلىك

ھالدا كۆز ئالدىدىكى ئىشلارغا ئىشلىتەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، يەنى كىشىلەرنىڭ ھازىرنى كۆزلەيدىغان ئىستېمال ئارزۇسى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ كەتتى، پۇل ئامانەت قويۇش خاھىشى داۋاملىق كۈچىيىپ بارماقتا. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئىچكى تەلەپنى ئۈنۈملۈك ھالدا كۈچەيتىپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئۇنىۋېرسال ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا ۋە يۈرۈشلەشكەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، ھەم تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېزدىن تۈزۈپ چىقىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ھەم بۇ ئىسلاھاتلارنى بىر-بىرىگە ئۇلاشتۇرۇپ، ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

بىرنەچچە ئون يىللىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى تەرەققىيات ئارقىلىق، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى زور دەرىجىدە ئاشتى، ئەمەلىيەت داۋامىدا مول تەجرىبىلەر توپلىدۇق، تۈرلۈك مۇرەككەپ ئىقتىسادىي ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇرەككەپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىز كۈچەيدى. ئىشىنىمىزكى، خىزمەتلەرنى ھەرقايسى جايلار ۋە ئورۇنلار ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىجادكارلىق بىلەن ئىشلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرىدىغان ۋە ئەمەلىيلەشتۈرىدىغانلا بولساق، تەلەپنىڭ يېتەرسىز بولۇشىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىلىرىنى تېپىپ چىقىپ، نۆۋەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىمىزدە گەپ يوق.

**تەرجىمە قىلغۇچى: رىسالەت ئابلا**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئالىمجان سابىت**

# ئىسلاھاتنى قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى

ۋېي لىچۈن

پارتىيە 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «قارار»دا: دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئىسلاھاتنى قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش شەرت، دەپ كۆرسىتىلدى. مۇشۇ مۇھىم فاڭجېننى قەتئىي، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرغاندىلا، دۆلەت كارخانىلىرى ئىلمىي ۋە قېلىپلاشقان زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئورنىتىپ، بازار ئىگىلىكى بىلەن ئورگانىك بىرلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ۋە ئۈنۈمىنى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھاياتىي كۈچىنى، ئەمەلىي كۈچىنى ۋە بازاردىكى رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، يېڭى تارىخىي شارائىتتا يېڭىباشتىن قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ، شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ئۆزىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى تۈۋرۈكلۈك ۋە تايانچلىق رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرالايدۇ.

**ئىسلاھاتنى قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنى—دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنىڭ ئىلمىي ئىنكاسى**

ئىسلاھاتنى قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى يولغا قويۇش دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئۇ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ كۆپ يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنىڭ ئىلمىي يەكۈنى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتى ئاستىدا دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپىدۇر.

www.uyghurkitap.com

ئىسلاھاتنى قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى يولغا قويۇشنىڭ ئۆزى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرغانلىقتۇر. ماركسىزم مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى دىئالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى بەلگىلەيدۇ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويغان ۋاقىتتا، ئىسلاھات ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئازاد بولۇشىنى ۋە تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئۆزىگە خاس قانۇنىيەت ۋە تەلەپ بولىدۇ، يالغۇز ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىلا ئۆزگەرتىشنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆزىنى تەڭشەش ۋە ياخشىلاشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سىستېمىسىدا زىددىيەت ۋە مەسىلە بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزگەن ۋاقىتتا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سىستېمىسىنىڭ ئۆزىنى تەڭشەش ۋە ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ. دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشىلاش مۇرەككەپ بولغان ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەش ۋە ياخشىلاشقا چېتىلىپلا قالماي، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا چېتىلىدۇ، شۇڭلاشقا، دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى دىئالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ دېگەن كۆزقاراشتا چىڭ تۇرۇش شەرت، ھەم دۆلەت كارخانىلىرى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەش ۋە ئۆزگەرتىشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش، ھەم كارخانا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ھەر خىل ئامىللارنىڭ سۈپىتى مەسىلىسىنى ۋە ھەر خىل ئامىللارنى بىرلەشتۈرۈش، تەشكىللەش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بۇ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ تۈپكى نەزەرىيىۋى ئاساسىدۇر.

تۈپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشىمىز دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى توسۇپ قويۇۋاتقان ھەر خىل زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى تۈزۈلمە، مېخانىزم جەھەتتىن ھەل قىلىپ، بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ماسلىشالايدىغان ۋە ئۇنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان قىلىش ئۈچۈندۇر. كارخانىنىڭ

قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئىشلىرى بولسا كارخانا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى-نىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە، مەسىلەن، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ جايلىشىشى، كارخانىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى، تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچى تەشكىلاتى قاتارلىقلارغا بىۋاسىتە چېتىلىدۇ. قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەندە، كارخانا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەركىبىدىكى ئامىللارنىڭ رولىنى تولۇق ۋە ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرغىلى بولۇپلا قالماي، كارخانىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ۋە ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. ئىسلاھاتنى قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇشتىن مەقسەت ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەپ ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەركىبىدىكى ھەرقايسى ئامىللارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىشلەپچى-قىرىش كۈچى تەشكىلاتلىرىنى ياخشىلاپ، كۆپ تەرەپتىن تۈنتۈش قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سۈرۈپ، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ياخشىلاش، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش ۋە ئاشۇرۇش، ھەمدە دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئامىللىرىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش، دۆلەت كارخانىلىرىنى ساغلام تەرەققىي قىلىپ، داۋاملىق زورىيىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش، تېخىمۇ چوڭ رولنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت.

ئىسلاھاتنى قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش فاكچىنىنى يولغا قويۇشنىڭ ئۆزى ئىسلاھات بىلەن تەرەققىياتنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرغانلىقتۇر. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت. تەرەققىيات — چىڭ قائىدە. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيا-تى ئورگانىك ھالدا باغلانغان بولىدۇ ۋە بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئىسلاھات ئارقىلىق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، كارخانا ئىسلاھاتىنى پائال تۈردە ئىلگىرى سۈرۈش لازىم؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەرەققىيات جەريانىدا كارخانا ئىسلاھاتى داۋامىدا يولۇققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، جۈملىدىن تەرەققىيات ئارقىلىق ئىسلاھات ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي شارائىت ۋە مۇھىت ھازىرلاپ بېرىش لازىم. كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ ھەر تۈرلۈك تەدبىرلىرى تەرەققىياتقا قارىتىلىشى لازىم. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ھەر تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ توغرا بولغان-بولمىغانلىقىنى ئۆلچەشتە، ئاساسلىقى دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن-سۈرمە-گەنلىكىگە قارىلىدۇ. ئىسلاھات — ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، تەرەققىيات — مەقسەت. توپ نېگىزدىن ئېيتقاندا، ئىسلاھات، قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنىڭ ھەممىسى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

راۋاجلىنىشى ۋە زورىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەممە دۆلەت كارخانىلىرى ئارقىلىق پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىسلاھاتنى قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرغاندا، ئىسلاھات بىلەن تەرەققىياتنى ياخشى بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات بىلەن تەرەققىياتنى ئايرىۋېتىدىغان، ھەتتا قارىمۇقارشى قىلىپ قويىدىغان خاھىشلاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بىر تەرەپتىن، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، دۆلەت كارخانىلىرىنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە سەرخىللاشتۇرۇش، مۈلكنى مۇۋاپىق يۈرۈشلەشتۈرۈش ۋە قايتا گۇرۇپپىلاشتۇرۇش، تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلاھاتنى قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش ئىسلاھات بىلەن تەرەققىياتنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرغانلىقتۇر. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ يېڭى ئۈستۈنلۈكىنى شەكىللەندۈرۈپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئىسلاھاتنى قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى يولغا قويۇشنىڭ ئۆزى ماكرولۇق بىلەن مىكرولۇقنىڭ ماس بىرلىكىدە چىڭ تۇرغانلىقتۇر. ماكرولۇق بىلەن مىكرولۇقنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم چىقىش نۇقتىسى ۋە ئەمەلىيلىشىش نۇقتىسى. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈش ھەم ماكرو ئىگىلىك مەسىلىسى، ھەم مىكرو ئىگىلىك مەسىلىسى، ئۇنىڭغا ھەم ماكرو جەھەتتىن، ھەم مىكرو جەھەتتىن تۇتۇش قىلىش ۋە تىرىشىش لازىم. 80-يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بۇيان، خەلقئارا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ تېز سۈرئەتتە قايتا تەشكىللىنىشى ۋە تەڭشىلىشى، دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشى بىلەن، دۆلەت كارخانىلىرى دۆلەت ئىچىدىكى ئوخشىمىغان مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ ۋە چەت ئەلنىڭ كۈچلۈك رىقابەتچىلىرىنىڭ بارغانسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان رىقابىتىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ؛ بازاردىكى تەمىنلەش بىلەن تەلەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، بولۇپمۇ سېتىۋالغۇچىلار بازىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن، دۆلەت كارخانىلىرىدا ئۇزاق مۇددەتتىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ھەمدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېغىرلىشىپ

قېلىۋاتقان قۇرۇلما مۇۋاپىق بولماسلىق زىددىيىتى ئېخمۇ روشەن گەۋدىلىنىپ قالدى. شۇڭلاشقا، جەزمەن ماكرو جەھەتتىن چىقىپ تۇرۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ جايلىشىشىنى ئىستراتېگىيە جەھەتتىن تەڭشەپ، زور كۈچ سەرپ قىلىپ دۆلەت كارخانىلىرىغا قارىتا ئىستراتېگىيىلىك قايتا تەشكىللەش ئېلىپ بېرىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئىقتىسادىي قۇرۇلما جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك زىددىيەتلەرنى ياخشى ھەل قىلغىلى بولىدۇ، كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملىگىلى ۋە زورايتقىلى بولىدۇ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىدا ۋە كارخانا باشقۇرۇشتا ھەقىقىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ياخشى ماكرو مۇھىت بولغانىنىڭ ئۈستىگە يەنە كارخانا ئىسلاھاتى ئارقىلىق بازار ئىگىلىكى تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، كارخانا تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، كارخانىلارنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، ئىلمىي باشقۇرۇشنى پۇختىلىق بىلەن يولغا قويۇش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش، يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈش ۋە ئىقتىسادنى يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن يۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن مىكرو ئاساس يارىتىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنى ھەقىقىي جانلاندۇرغىلى ۋە ياخشىلىغىلى بولىدۇ.

**2. ئىسلاھاتنى قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش فاڭجېندا چىڭ تۇرۇش نۆۋەتتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ**

ئىسلاھاتنى قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنى ھەقىقەتەنى ئەمەلىيەتتىن ئېزدىگەن ئاساستا، دۆلەت كارخانىلىرىمىزدا ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان فاڭجېن بولۇپ، كۈچلۈك رېئال قاراتمىلىقى بار. نۆۋەتتە بىر قىسىم دۆلەت كارخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەر ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تەرەپتە ئىپادىلىنىۋاتىدۇ.

بىرىنچى، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانا ئايرىۋېتىلمىگەن، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى قاتمال ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىش دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم پرىنسىپى، بۇ جەھەتتە كۆپ يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن ئىسلاھات تەدبىرلىرى قوللىنىلدى. بولۇپمۇ 1998-يىلى مەركىزىي ھۆكۈمەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئاپپارات ئىسلاھاتى ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ راۋانلاشتۇرۇشتا ئىجابىي رول ئوينىدى، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىشتە زور بىر قەدەم بېسىلدى. ئەمما ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئايرىلمىغان، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئالمىشىپ قالغان ھادىسىلەر يەنىلا بىرقەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ۋە گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ. بىر قىسىم يەرلىك

ھۆكۈمەتلەر كارخانىنىڭ كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيىتىگە بىۋاستە ئارىلىشىۋېلىۋاتىدۇ، ئەسلىدە كارخانا ئۆزى باشقۇرۇشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلارنىمۇ باشقۇرۇۋېلىپ، باشقۇرۇشقا كۆچى يەتمىگەن، ياخشى باشقۇرالمىغانىنىڭ ئۈستىگە كارخانىنىڭ پۇت-قولىنى چۈشەپ قويىۋاتىدۇ، كارخانىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك مۇستەقىللىق ۋە جانلىقلىق كەمچىل بولۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، گوۋۇيۈەن ئالىبۇرۇن دۆلەت كارخانىلىرى مەبلەغ سېلىش سۇبيېكتى بولۇشى كېرەكلىكىنى، كارخانىلار ئۆز مەبلىغى بىلەن مەبلەغ سېلىش ئۈستىدە ئۆزى تەدبىر بەلگىلىسە بولىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بىر قىسىم جايلاردا يەنىلا قاتمۇقات تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەلەپ قىلىنىۋاتىدۇ. يەنە مەسىلەن، كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇش مەسىلىسى ھېلىمۇ ئىنتايىن ئېغىر بولۇۋاتىدۇ، كارخانىلار ئەسلىدە ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەكتەپ مائارىپى، ئىجتىمائىي كاپالەت ھەتتاكى جەمئىيەت ئامانلىقى قاتارلىق مەسئۇلىيەت-لەرنى ئۈستىگە ئېلىۋاتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كارخانىنىڭ يۈكىمۇ ئېشىپ كەتتى، كارخانىنىڭ ئۈنۈمى ۋە رىقابەت كۈچىگىمۇ تەسىر يەتتى. كارخانا تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، نۇرغۇن كارخانىلار ئەمگەك، كادىر ئىشلىرى ۋە تەقسىمات قاتارلىق ئىچكى قىسىمدىكى ئىسلاھاتلاردا ئىشنى يۈزەكى قىلغاچقا، ئورگانلار چوڭ بولۇش، ئىشتىن ئادەم كۆپ بولۇش، كارخانا دۆلەتنىڭ داش قازان ئېشىنى يېيىش، ئىشچى-خىزمەتچىلەر كارخانىنىڭ تۆمۈر تاۋىقى بىلەن جان بېقىشتەك ئىللەتلەر تۈپتىن ھەل بولغىنى يوق. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، دۆلەت كارخانىلىرى ھەقىقىي بازار سۇبيېكتى بولۇشتىن خېلىلا يىراقتا تۇرۇۋاتىدۇ، ئىسلاھات ۋەزىپىسى يەنىلا ئىنتايىن ئېغىر بولماقتا.

ئىككىنچى، كارخانىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق ئەمەس، بازاردىكى ئۆزگىرىشكە ماسلىشىش ئىقتىدارى كەمچىل. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىدا نۇرغۇن ئىجابىي ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، نۆۋەتتە يەنىلا تازا مۇۋاپىق ئەمەس. بۇنىڭدىكى ئاساسىي مەسىلىلەر مۇنۇلار: تۆۋەن سەۋىيىدىكى تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش ئىشلىرى ئېغىر بولۇۋاتىدۇ، كارخانىلار چوڭ ھەم مۇكەممەل، كىچىك ھەم مۇكەممەل بولۇپ، مەخسۇسلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىيلاشقان ھەمكارلىق سىستېمىسى ۋە كۆلەملىك ئىگىلىك شەكىللەنمىگەن، بازاردىكى ئۆزگىرىشكە ماسلىشىش ئىقتىدارى تۆۋەن بولۇۋاتىدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ كەسىپ بويىچە جايلىشىش دائىرىسى بەك كەڭ، لىنىيىسى بەك ئۇزۇن، كۈچى بەك تارقاق بولۇپ، خېلى كۆپ ساندىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ساپاسى ۋە ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە توسالغۇ بولۇپلا قالماي، دۆلەت كارخانىلىرى ئىقتىدارىنىڭ ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇلۇشىغىمۇ ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يېتىۋاتىدۇ. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا مەركەز ”چوڭلىرىنى تۇتۇش، كىچىكلىرىنى قويۇۋېتىش“ فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، جايلاردا چوڭ كارخانا ۋە كارخانا گورۇھلىرىنى

يېتىشتۈرۈش خىزمىتىدە مەلۇم ئىلگىرىلەش بولدى، ئەمما بۇ جەھەتتىكى خىزمەتنىڭ كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇقى يېتەرلىك بولمىدى، ھەتتا بىر قىسىم جايلار بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپ ئىش قىلىپ، قارىغۇلارچە چوڭ، مۇكەممەل قىلىشقا بېرىلىپ كەتكەن، نەتىجىدە تۈزۈك ئەمەلىي كۈچ ۋە رىقابەت كۈچىگە ئىگە ھەقىقىي كارخانا ۋە كارخانا گۇرۇھلىرى تا ھازىرغىچە ئانچە كۆپ شەكىللەنگىنى يوق. مەھسۇلاتنىڭ بازىرى چىقمايدىغان، تېخنىكىسى قالاق بولغان، ئۇزاقتىن بۇيان زىيان تارتىپ كېلىۋاتقان كارخانىلار ئاز ئەمەس؛ تەبىئىي بايلىقنى ئىسراپ قىلىۋاتقان، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ناچار، مۇھىتنى بۇلغىشى ئېغىر بولغان "بەش كىچىك" كارخانىلار نۇرغۇن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئېشىشىغا ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزمەكتە. شۇڭلاشقا، قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، زور كۈچ سەرپ قىلىپ كەسپلەرنى تەڭشەش ۋە كارخانىلارنى قايتا تەشكىللەش ئېلىپ بارمىساق بولمايدۇ.

ئۈچىنچى، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىشى قېيىن بولماقتا. نۆۋەتتە، دۆلەت كارخانىلىرى تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تازا ئىنتىلمەيۋاتىدۇ، مەبلەغ ۋە ئىختىساسلىق خادىملار كەمچىل بولۇۋاتىدۇ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسىمۇ تېخى شەكىللىنىپ بولمىدى. كارخانىلارنىڭ تېخنىكىۋى ئۈسكۈنىلىرى قالاق، ھۈنەر-سەنئىتى كونا بولۇپ، تېخنىكا كەشىپ قىلىش ئىقتىدارى كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان بازار رىقابىتىنىڭ تەلىپىگە خېلىلا ماسلىشالمايۋاتىدۇ. نۆۋەتتە دۆلىتىمىز تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئىگىلىكنىڭ ئېشىشىغا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 30%كىمۇ يەتمەيۋاتىدۇ، بۇ تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ 50%—70% لىك سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولۇپلا قالماي، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ 40% ئەتراپىدا بولۇش سەۋىيىسىدىنمۇ تۆۋەن بولۇۋاتىدۇ. سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنىڭ بەشتىن بىرىگە يېقىن كونىراپ كەتكەن، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئېشىپ كەتكەنلىرى 40%كە يېقىنلاشتى. دۆلىتىمىز سانائەت كارخانىلىرىدىن ھالقىلىق ئۈسكۈنىلىرى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن ياكى يېقىنلاشقانلىرى ئاران 15% ئەتراپىدىلا بولۇۋاتىدۇ، ماشىنىسازلىق سانائىتىنىڭ تېخنىكىۋى ئۈسكۈنىلىرى ئومۇمىي جەھەتتىن چەت ئەلنىڭ 60-، 70-يىللاردىكى سەۋىيىسىگە تەڭ بولۇپ، ئاز بىر قىسمىلا چەت ئەلنىڭ 80-يىللاردىكى سەۋىيىسىگە يەتتى. نۇرغۇنلىغان ئەنئەنىۋى كەسپلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى نىسبەتەن ئېشىپ كەتكەن، ئەمما تېخنىكا سەۋىيىسى تۆۋەن، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى نامۇۋاپىق، مەھسۇلات سۈپىتى ناچار بولۇۋاتىدۇ. مانا بۇ دۆلەت كارخانىلىرىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ناچار بولۇشى ۋە مەھسۇلاتىنىڭ بازاردا رىقابەت كۈچى تۆۋەن بولۇشىنىڭ مۇھىم سەۋەبىدۇر. بۈگۈنكى دۇنيادا، پەن-تېخنىكا كۈنسايىن يېڭىلىنىپ تۇرماقتا، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى بىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ۋە رىقابەت كۈچىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى بەلگىلەۋاتىدۇ. بۇ

www.uyghurkitap.com

خىل ئەھۋال ئاستىدا، مۇبادا بىز كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشى ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىغا كۈچ چىقارمىساق، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى ئاستىلىتىپ قويىمىز، چەت ئەلنىڭ ئىلغار سەۋىيىسى بىلەن بولغان پەرقىمىز بارغانسېرى چوڭىيىپ كېتىدۇ.

تۆتىنچى، كارخانا باشقۇرۇش بوش، باشقۇرۇش سەۋىيىسى تۆۋەن بولماقتا. نۆۋەتتە، خېلى كۆپ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇشى ئاجىز، تۈزۈم مۇكەممەل ئەمەس بولۇۋاتىدۇ، تۈزۈم بولغان تەقدىردىمۇ قاتتىق ئىجرا قىلىنمايۋاتىدۇ، نامدا بار، ئەمەلدە يوق بولۇۋاتىدۇ، خالىغانچە تەدبىر بەلگىلەش، مالىيە ئىشلىرى قالايمىقان بولۇش، ئىنتىزام بوش بولۇش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشى ياخشى بولمىغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى يۇقىرى بولۇش، تەبىئىي بايلىقلار كۆپلەپ ئىسراپ بولۇش، "ئېقىپ كېتىش، قېچىپ كېتىش" خېلىلا ئېغىر بولۇش، زىيان ئىزچىل يۇقىرى بولۇشتەك ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نۆۋەتتە دۆلىتىمىزنىڭ ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى ئاران 30% ئەتراپىدا بولۇپ، خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىدىن 10—20 پىرسەنت تۆۋەن بولۇۋاتىدۇ، مەھسۇلاتنىڭ بىرلىك ئېنېرگىيە سەرپىياتى تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭكىدىن 30—80 پىرسەنت يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق بىر سەۋەبى باشقۇرۇش قالاق بولۇشتۇر. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، نۇرغۇن كارخانىلارنىڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىغا ئاساسلىقى باشقۇرۇشنىڭ چىڭ بولماسلىقى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى سەۋەبچى بولغان. رېئال تۇرمۇشتا ئۇزۇن مەزگىل زىيان تارتىۋاتقان بىر قىسىم كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، باشقۇرۇشنى تۇتۇش ئارقىلىقلا زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرغانلىقى كارخانا باشقۇرۇشنىڭ نۆۋەتتىكى گەۋدىلىك ئاجىز ھالقا ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقى تەھلىللەر شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بىر قىسىم دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىيىن بولۇش، ئۈنۈم تۆۋەن بولۇش ئەھۋالىنى مەلۇم بىر تەرەپتىكى زىددىيەت ۋە مەسىلە كەلتۈرۈپ چىقارغان بولماستىن، بەلكى ھەر خىل زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر چىگىشلىشىپ قالغانلىقنىڭ نەتىجىسى، شۇڭلاشقا، دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشىلاشتا بىر خىل چارىگىلا تايىنىش ئۈنۈم بەرمەيدۇ. ئىسلاھات، قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت بۇ تۆت تەرەپنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش لازىم. ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە قارىغاندا، ئىسلاھات، قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى يۇرۇشلەشتۈرۈپ ياخشى تۇتقانلىكى كارخانىلارنىڭ كارخانا ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى جەھەتتە نەتىجىسى چوڭ بولغان، تېزدىنلا ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش يولىغا كىرەلىگەن. خەنگاڭ، جىخۇا، چاڭخۇڭ، باۋگاڭ قاتارلىق ئىچكى-تاشقى بازارلاردا رىقابەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق يولنى تۇتقان. نۇرغۇن ئىسپاتلار شۇنى تولۇق چۈشەندۈرىدۇكى، ئىسلاھاتنى قايتا

تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۆچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا مۇۋاپىق بولۇپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈنۈم بەردى، بىز دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش داۋامىدا بۇ فاڭجېننى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىجرا قىلىشىمىز لازىم.

**3. ئىسلاھاتنى قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۆچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈ- رۈش فاڭجېنىنى ئەتراپلىق چۈشىنىش ۋە توغرا ئىزچىل ئىجرا قىلىش لازىم**

ئىسلاھات، قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۆچەيتىش بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان مۇناسىۋەتتە، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەم دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيا- تىغا يول ئېچىپ بېرىدۇ، ھەم دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۆچەيتىش ئىشلىرىغا نىشان كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاش- تۇرۇش ئالدىنقى شەرت ھېسابلىنىدۇ، ئىسلاھاتنى پۇختا ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرى- نى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم، ئەمما كارخانا ئىسلاھاتى كارخانىنىڭ قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۆچەيتىش ئىشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىسە، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتتىدا شەكىللەنگەن تۈزۈلمە ۋە مېخانىزمنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۆچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرگەندە، ھەم ئىسلاھاتنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى، ھەم ئىسلاھات نەتىجىلىرىنىڭ مۇستەھكەملىنىش ۋە تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كارخانىلارنىڭ قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۆچەيتىش ئىشلىرىدا ئىسلاھاتنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىش لازىم، ئۇنداق بولمىغاندا قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۆچەيتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش قىيىن بولۇپ قالىدۇ، ھەم ئەمەلىي ئۈنۈمگىمۇ ئېرىشكىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئىسلاھات، قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۆچەيتىشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش لازىم، بىرىنىلا تۇتۇشقا بولمايدۇ. شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، كارخانا ئىسلاھاتى، قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۆچەيتىش ئوتتۇرىسىدا ھەم ئىچكى باغلىنىش بار، ھەم پەرق بار، شۇڭا ئاددىي ھالدا بىرىنىڭ ئورنىغا يەنە بىرىنى قويۇشقا بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ بىرىنى يەنە بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان ئۇسۇل بىر تەرەپلىملىكتۇر. ئىسلاھات ئېلىپ بارمىغاندا، كارخانىنىڭ تەرەققىياتى نىشانسىز بولۇپ قالىدۇ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچمۇ كەمچىل بولۇپ قالىدۇ؛ قايتا تەشكىللىمىگەن- دە، ئىقتىسادىي قۇرۇلما خاراكتېرلىك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلماق تەس بولۇپ قالىدۇ؛ ئۆزگەرتمىگەندە، ئىلغار تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەر ئاساسىغا قۇرۇلغان كۆچلۈك ماددىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ۋە بازار رىقابەت كۈچى بولمايدۇ؛ باشقۇرۇشنى كۈچەيتكەندە، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى ۋە كارخانىلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرگىلى بولمايدۇ، ئىسلاھات، قايتا تەشكىللەش ۋە ئۆزگەرتىشنىڭ نەتىجىلىرىنىمۇ مۇستەھكەملىگىلى بولمايدۇ. ئىسلاھاتنى قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، ئىسلاھات، قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى توغرا تونۇش ۋە ئىگەللەش لازىم، ئۇلارنى ئايرىۋېتىشكە ھەتتاكى قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئىسلاھاتنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش ۋە ئۇلارغا تەڭ ئېتىبار بېرىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

ئالدىنقى بىر مەزگىلدىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بەزى جايلار ۋە كارخانىلاردا ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات داۋامىدا مەلۇم بىر تەرەپلىمىلىكلەر كۆرۈلدى. مەسىلەن، بەزى جايلار ۋە كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىرى، ئىسلاھات ھەممىگە قادىر، كارخانىدا كۆرۈلگەن بارلىق مەسىلىلەرنى ئىسلاھات ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ، دەپ ھېسابلاپ، ئىسلاھات بىلەن باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىشنىڭ بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان مۇناسىۋىتىنى توغرا ئىگەللىيەلمىدى، نەتىجىدە ئىسلاھاتنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنىڭ ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ قويىدىغان خاھىشلار كۆرۈلدى. يەنە كېلىپ باشقۇرۇشنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىشتىمۇ، تېخنىكا ئۆزگەرتىشتىمۇ جاپالىق تىرىشىشقا، چوڭقۇر، ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. بىر قىسىم جايلار ۋە كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىرى چوڭقۇر، ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەشنى خالىماي، ئىسلاھات ئارقىلىق كارخانىنىڭ بارلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، ھەتتا يۈزەكى داغدۇغىنى قوغلىشىدۇ. ئىسلاھاتنى قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلمىغانلىقى ئۈچۈن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر قىسىم كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇش خىزمىتى ئۈنۈملۈك كۈچەيتىلمەي ۋە ياخشىلانمايلا قالماستىن، ئىلگىرىكىدىنمۇ بوشاپ كەتتى، كارخانا باشقۇرۇشتىكى ھەر تۈرلۈك ئۇل خىزمەتلەر ئاجىزلاشتۇرۇلدى، ئەمەل قىلغۇدەك قائىدە بولماسلىق، قائىدە تۈزسىمۇ ئەمەل قىلماسلىق، قائىدىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتە قىلماسلىقتەك ئەھۋاللار كۆرۈلدى؛ كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى ئېغىر دەرىجىدە كونىراپ كەتتى، ھۈنەر-سەنئىتى، تېخنىكىسى كونا، مەھسۇلات يارىتىش ئىقتىدارى تۆۋەن بولۇپ، بازارنىڭ ئۆزگىرىشىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرالمايۋاتىدۇ. باشقۇرۇش ۋە تېخنىكا تەرەققىياتى جەھەتتە يوقىرىقىدەك مەسىلىلەر مەۋجۇت بولغاچقا، ئىسلاھاتنىڭ ئۈنۈمىمۇ جارى بولماي قېلىپ، كارخانىنىڭ رىقابەت كۈچىگە تەسىر يەتتى، بۇنىڭ بىلەن كارخانا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. يەنە مەسىلەن، بەزى جايلار ۋە كارخانىلار كارخانىنى قايتا تەشكىللەشنىڭ رولىنى ئاشۇرۇۋېتىپ، كارخانىنى ياخشىلاشنىڭ ئۈمىدىنى كاپىتالنى تىجارەتكە سېلىش ۋە كارخانىنى قايتا تەشكىللەشكىلا باغلاپ قويىدى، ئۆز جايىنىڭ، ئۆز كارخانىسىنىڭ

ئەمەلىي ئەھۋالغا باقماي، كارخانىلار ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىچكى باغلىنىشنىڭ بار-يوقلۇقىنى ئېتىبارغا ئالماي، ئاتالمىش ئاز مەبلەغ بىلەن كېڭەيتىشنى قارىغۇلارچە قوغلاشتى، بەزى جايلار ھەتتاكى ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە خىلاپ ھالدا، كارخانىنى مەمۇرىي ۋاستە ئارقىلىق زورمۇزور چوڭايتىۋەتتى. كارخانا گۇرۇھلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، گۇرۇھ كارخانىلارنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلمىدى، گۇرۇھنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرقايسى كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمىدى، گۇرۇھنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بەرمىدى، گۇرۇھ كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشى ۋە يېڭى مەھسۇلاتلارنى يارىتىشىغا تېگىشلىك دىققەت-ئېتىبارنى قاراتمىدى. نەتىجىدە كارخانىلار قايتا تەشكىللەنگەندىن كېيىن، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئاشمايلا قالماي، ئەكسىچە پايدا يارىتىۋاتقان كارخانا زىيان تارتىدىغان كارخانىغا ئايلىنىپ قالدى، كارخانا نورمال ئىشلەپچىقىرىش-تىجارىتىنى داۋاملاشتۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلاھاتنى قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرمىغاندا دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشىلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

نۆۋەتتە دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى كەڭ كۆلەمدە تەڭشەش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، كارخانىلارنىڭ ئەھۋالى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، دۇچ كېلىۋاتقان زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرمۇ ئوخشىمايدۇ، شۇڭا ئوخشىمىغان كارخانىلاردا ساقلىنىۋاتقان كونكرېت مەسىلە ۋە ئاجىز ھالقىلارنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاساسىي زىددىيەتنى تۇتۇۋېلىپ، تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش، ھەر كارخانىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ئىشنى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشى بويىچە ئىلگىرى سۈرۈش، نۇقتىلىق مەسىلىگە تۇتۇش قىلىش، نۇقتىلىق مەسىلىدە بۆسۈش ھاسىل قىلىش لازىم. ”ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش“ ۋە شەكىلۋازلىقتىن ھەقىقىي ساقلىنىپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىدا ئېغىر مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتقان كارخانىلارغا قارىتا، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى بويىچە، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىشنى، كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىشنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، ئىسلاھات ئارقىلىق كارخانىنى يېڭىباشتىن ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇتۇپ، رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. كارخانىلارنىڭ ئىسلاھات ۋە قايتا تەشكىللەش ئىشلىرىدىمۇ ئەمەلىي ئەھۋالنى چىقىش قىلىش لازىم، پاي تۈزۈمگە ئۆزگەرتىشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان كارخانىلاردا، ئىمكان بار پاي ھوقۇقىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش تەلىپىگە ئاساسەن، قېلىپلاشقان شىركەت باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىنى قۇرۇپ چىقىش لازىم، ئوتتۇرا-كىچىك كارخانىلاردىن پاي ھەمكارلىق

تۇزۇمىدىكى كارخانا قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرىنى ئامىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن پاي ھەمكارلىق تۇزۇمىدىكى كارخانا قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، ھەممە ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار بىلەن ئادەتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، مۇۋاپىق پاي ھوقۇقى قۇرۇلمىسىنى بېكىتىش لازىم؛ ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى، ئىجارىگە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا ياكى سېتىۋېتىشكە مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرىنى بولسا، ئوخشىمىغان شەكىلگە كىرگۈزۈش، ھەممىنى بىرلا قېلىپقا سېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. پاي تۈزۈمىدىكى شىركەت ياكى پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى شىركەت قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلار بولسا، ئاساسلىق زېھنىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشقا، كارخانىنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە يېڭى مەھسۇلات يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە قارىتىپ، كارخانىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ چىقىپ، باشقۇرۇش جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىپ، ئىش ئىقتىدارى ياخشى، سۈپىتى يۇقىرى، تېخنىكىسى ئالىي، بازار مۇھتاج بولغان يېڭى مەھسۇلاتلارنى يارىتىپ، مەھسۇلاتنىڭ تېخنىكا تەركىبىنى ئاشۇرۇپ، كارخانىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. ئومۇمەن، ئىسلاھاتنى قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش، ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرغاندىلا، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ جۇڭگوچە يېڭى يولىنى ھەقىقىي تاپقىلى بولىدۇ.

**(ئاپتور: گوۋۇيۈەن تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: دولقۇن قادىر**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# ئىلمىي ئاساستا تەدبىر بەلگىلەش ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە مۇلاھىزە

سەي چاڭسۇڭ

ئەسىر ئالمىشۋاتقان ۋاقىتتا مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىككىنچى قەدەمدىكى ئىستراتېگىيىلىك نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىن ئۈچىنچى قەدەمدىكى ئىستراتېگىيىلىك نىشانغا قەدەم قويۇۋاتىدۇ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىچكى-تاشقى شارائىتىدىمۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولدى. يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى مۇھىت بىزدىن يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، "تەدبىر بەلگىلەشنىڭ ئىلمىيلىشىشى، دېموكراتىيىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەدبىر بەلگىلەش سەۋىيىسى ۋە خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش"نى تەلەپ قىلىدۇ.

**1. ئىلمىي ئاساستا تەدبىر بەلگىلەشتە مەركەزنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمىيلىق بىلەن قىسمەنلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولۇش كېرەك**

يەرلىك تەدبىر بىرەر جايغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئومۇمىيلىق خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ، بىراق پۈتۈن مەملىكەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇ يەنە قىسمەنلىك خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ، ئۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىر پۈتۈن ئىشىنىڭ تەركىبىي قىسمى. شۇڭا، يەرلىك تەدبىر بەلگىلەشتە ئالدى بىلەن مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ، ئومۇمىيلىق بىلەن قىسمەنلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بۇنىڭدىكى ئومۇمىي پرىنسىپ مۇنداق: يەرلىك تەدبىر بەلگىلەشتە ھەم مەركەزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، مەركەز بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە بىردەكلىكنى ساقلاش كېرەك؛ ھەم شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، شۇ جاينىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ھەقىقىي ئۈنۈملۈك ھالدا ئالغا سىلجىتالايدىغان قىلىش كېرەك. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، ئىلمىي بولغان بىر يەرلىك تەدبىر مەركەز بىلەن يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپكە

تەك ئېتىبار بەرگەن، ئومۇمىي مەنپەئەت بىلەن قىسمەن مەنپەئەتنى ئورگانىك بىرلەشتۈرگەن بولۇشى شەرت.

كونكرېت تەدبىر بەلگىلەشتە بۇ پرىنسىپنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، رەھبەرىي كادىرلار، بىرىنچىدىن، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشى، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىپ، ئىلمىي ئاساستا تەدبىر بەلگىلەشكە ئىمكان بېرىدىغان مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلنى ئىگىلىشى كېرەك؛ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، تەدبىر بەلگىلەشنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى ئىگىلىشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىشى (رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى ۋە مەسلىھەت ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئۆز يېرىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ۋە ھازىرقى ئەھۋالى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەب، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ شەرتلىرى ۋە ئۇسۇلى قاتارلىقلار ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك، چوڭقۇر تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئومۇمىيلىق كۆزقارىشىنى كۈچەيتىشى، تەدبىر بەلگىلەش جەريانىدا مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆز يېرىنىڭ نۇقتىسىدىن ئويلىنىپلا قالماي، بەلكى پۈتۈن ئۆلكە، پۈتۈن مەملىكەت نۇقتىسىدىن ئويلىنىشى، قىسمەن دائىرىلىك تەدبىرنى ئومۇمىيلىق ئىچىگە قويۇپ ئويلىشى، دەڭسەپ كۆرۈشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، بىز تەدبىر بەلگىلەشتە مەركەزنىڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرىنى يەرلىكنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن، ئومۇمىي مەنپەئەتنى قىسمەن مەنپەئەت بىلەن بىرقەدەر ياخشى ھالدا بىرلەشتۈرەلەيمىز.

خەيكۇ شەھىرىنىڭ يېقىنقى بىرقانچە يىلدىكى ئىقتىسادىي خىزمىتىگە بىر يېتەكچى ئىدىيە سىڭدۈرۈلگەن، ئۇ بولسىمۇ قۇرۇلمىنى تەڭشەشتىن ئىبارەت. خىزمەت ھەققىدە مۇشۇنداق بىر يېتەكچى ئىدىيىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىنى ئالدى بىلەن خەيكۇنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى بەلگىلىگەن. 1996-يىلى مەن خەيكۇغا كېلىپ شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى بولدۇم. ئەينى ۋاقىتتا خەيكۇ شەھىرىنىڭ ئىقتىسادى قاتتىق تۆۋەنلەپ كېتىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانىدى، GDP نىڭ ئېشىش سۈرئىتى 1992-يىلدىكى 83.8% تىن تۆۋەنلەپ 1995-يىلدىكى 1% كە چۈشۈپ قالغانىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئىنتايىن نامۇۋاپىق بولغانلىقى، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشتە ئاساسەن ئۆي-زېمىن كەسپىگە تايىنىپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت. ئۆي-زېمىن كەسپى خارابلىشىپ قالغاندىن كېيىن، پۈتكۈل ئىقتىساد تايانچ تۈۋرۈكتىن ئايرىلىپ قېلىپ، تېزدىنلا تۆۋەنلەپ كەتكەن. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش مۇقەررەر يول

ئىدى. بىز ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا پۈتۈن ئۆلكە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي ئېھتىياجىنىمۇ نەزەرگە ئالدۇق. ئەينى ۋاقىتتا، خەينەن ئۆلكىسىنى يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەت ئۆلكىسى، مەملىكەت بويىچە تروپىك بەلباغ يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىك بازىسى ۋە تروپىك بەلباغ دېڭىز ئارىلى ساياھەت رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ئەمدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى، پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنى تەكىتلىشى بىلەن، خەيكۇ شەھىرى يەنە ”مەملىكەت بويىچە كاپىتال قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش سىناق نۇقتىسى شەھىرى“ قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنىدى. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى قانداق ئىزچىللاشتۇرۇش، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى قانداق قىلىپ باشلامچىلىق بىلەن يولغا قويۇش بىز ئەينى ۋاقىتتا يۈزلەنگەن جىددىي مەسىلە ئىدى. ھەر خىل ئامىللارنى ئومۇمىيۈزلۈك ئويلاشقاندىن كېيىن، بىز 1996-يىلدىن 1998-يىلغىچە بولغان ئۈچ يىل ئىچىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش تەدبىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، بىرىنچى كەسىپنى مۇستەھكەملەش، يۈكسەلدۈرۈش، ئىككىنچى كەسىپنى سەرخىللاشتۇرۇش، تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئۈچىنچى كەسىپنى ئاكتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەمدە دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ كاپىتال قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇشنى تەڭشەشنىڭ بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ تاللاشنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بۇ تەدبىر ئومۇمىي مەنپەئەت بىلەن قىسمەن مەنپەئەتنى نىسبەتەن ياخشى بىرلەشتۈردى، ئەمەلىيەت جەريانىدىمۇ نىسبەتەن ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئۈچ يىل ئىچىدە، خەيكۇنىڭ سانائەت، ساياھەتچىلىك، سودا-سانائەت، ترانسپورت، پوچتا-تېلېگراف كەسىپلىرى خېلى تېز تەرەققىي قىلىپ، يېڭى تايانچ كەسىپلەرگە ئايلاندى، دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. GDP نىڭ ئۆسۈش سۈرئىتىمۇ تەدرىجىي ئۆرلىدى، 1996-يىلى 1.6%، 1997-يىلى 7.1% بولدى، 1998-يىلى 8.6% كە يەتتى. مۇشۇ ئاساستا، 1999-يىلى بىز دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن يەنە «خەيكۇ شەھىرىنىڭ 1999—2002-يىللىق ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش پروگراممىسى» نى ئوتتۇرىغا قويدۇق. يېڭى بىر نۆۋەتلىك قۇرۇلما تەڭشەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى خەيكۇنى تەدرىجىي ھالدا ئۆلكە بويىچە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسىپلىرى بازىسى، مەملىكەت بويىچە تروپىك بەلباغ دېڭىز بويى ساياھەت رايونى ۋە رايون خاراكتېرلىك سودا مەركىزى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، يېڭى بىر نۆۋەتلىك قۇرۇلما تەڭشەشنىڭ بۆسۈش ئېغىزى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش. بۇ خەيكۇنىڭ ئەسىر ئالمىشىۋات-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قان مەزگىلدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ھەققىدىكى ئومۇمىي ئوي-پىكرىمىز. بۇ پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئىستراتېگىيە جەھەتتىن تەڭشەش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىغا مۇۋاپىق، ھەم خەينەن ئۆلكىسى ۋە خەيكۇ شەھرىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق بولۇپ، كەڭ دائىرىدە ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

**2. ئىلمىي ئاساستا تەدبىر بەلگىلەشتە ئاممىۋى كۆزقاراشتا ۋە دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر بەلگىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، تەدبىر بەلگىلەش تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك**

ئىلمىي ئاساستا تەدبىر بەلگىلەش مەلۇم دەرىجىدە قېلىپلاشقان تەدبىر بەلگىلەش تەرتىپى ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى كېرەك. تەدبىر بەلگىلەش جەريانى كۆپ چاغلاردا تەدبىر بەلگىلەش نەتىجىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىلمىي ئاساستا تەدبىر بەلگىلەش تەدبىر بەلگىلەشنىڭ پۈتۈن جەريانىدا باشتىن-ئاخىر ئاممىۋى كۆزقاراشتا ۋە دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر بەلگىلەشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئاممىۋى كۆزقاراشتا چىڭ تۇرۇش دېگەنلىك ئاممىنىڭ ئويلىغىنىنى ئويلاش، ئاممىنىڭ ئالدىرىغىنىغا ئالدىراش، ئاممىغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش، ئەمەلىي مەنپەئەت يەتكۈزۈپ بېرىش دېگەنلىكتۇر. ھەم ئاممىنىڭ ئۇزاق كەلگۈسى تۈپ مەنپەئىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ھەم ئاممىنىڭ كۆز ئالدىدىكى جانجان مەنپەئىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش، بۇ ئىككىسىنى ياخشى بىرلەشتۈرۈش، ياخشى قوغداش كېرەك. دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر بەلگىلەشتە چىڭ تۇرۇش دېگەنلىك ئاممىنىڭ پىكرى ۋە ئارزۇسىغا ھەقىقىي ھۆرمەت قىلىش دېگەنلىكتۇر. دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر بەلگىلەشنىڭ يادروسى زور تەدبىرلەرنى بەلگىلەشتە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە جەمئىيەتنىڭ قاتنىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرى، ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى كۈچلەرنى تەدبىر بەلگىلەش جەريانىغا قاتناشتۇرۇش دېگەنلىكتۇر. بۇ — سىياسىي دېموكراتىيىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، تەدبىر بەلگىلەشتە خاتالىقلارنى ئازايتىشنىڭ ئىشەنچلىك كاپالىتى، تەدبىرنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى. نۆۋەتتىكى ئەھۋالدا، "تۆۋەنگە يەتكۈزىدىغان" ئۇچۇر يولى نىسبەتەن راۋان، بىراق "يۇقىرىغا يوللايدىغان" ئۇچۇر يولى بەزى ۋاقىتتا توسۇلۇپ قالىدۇ، بولۇپمۇ يامان ئىشلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلار دائىم "سۈزۈپ" تاشلىنىدۇ. ئىلمىي ئاساستا تەدبىر بەلگىلەشتە، رەھبىرىي كادىرلار ئاساسىي قاتلاملاردىكى كادىرلار ۋە ئامما بىلەن بولغان ئۇچرىشىشنى كۈچەيتىشى، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىشى، جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ۋە خەلقنىڭ ھەقىقىي ئارزۇسىنى چۈشىنىشى ۋە ئىگىلىشى كېرەك. تەدبىر لايىھەسىنى

بەلگىلەشتىن تارتىپ دەلىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە تاللاشقىچە ھەممىدە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكرىنى تولۇق ئاڭلاش، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل-پاراستىنى ھەقىقىي تۈردە جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

خەيكۇ شەھىرى يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان زور تەدبىرلەرنى بەلگىلەشتە باشتىن-ئاخىر دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر بەلگىلەشتە چىڭ تۇرۇپ كەلدى. مەسىلەن، «خەيكۇ شەھىرىنىڭ 1999—2002-يىللىق ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش پروگراممىسى»نىڭ ئۆزى دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر بەلگىلىگەنلىكنىڭ نەتىجىسى. بىرىنچىدىن، لايىھىنى بەلگىلەش ئىشى دېموكراتىك ئاساستا ئېلىپ بېرىلدى. پۈتۈن شەھەردىكى 62 تارماقتىن 240 نەچچە كەسپىي خادىملار، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش لايىھىسىنى بەلگىلەشكە قاتناشتى، مۇشۇ ئاساستا شەكىللەنگەن ئومۇمىي لايىھە يەنە ئاممىنىڭ مۇھاكىمىسىگە سېلىنىپ كەڭ ۋە چوڭقۇر دائىرىدە پىكىر ئېلىندى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل-پاراستى مەركەزلەشتۈرۈلدى. ئىككىنچىدىن، لايىھىنى دەلىللەش، ئۆزگەرتىش ئىشلىرى دېموكراتىك ئاساستا ئېلىپ بېرىلدى. ئومۇمىي لايىھە شەكىللەنگەندىن كېيىن دۆلەت پىلان كومىتېتى، پەن-تېخنىكا مىنىستىرلىكى رەھبەرلىرىدىن تارتىپ ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ تايانچلىرىغىچە ھەر تەرەپلەرنىڭ پىكىرلىرى ئېلىندى، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ، دەم ئېلىشقا، پىنسىيىگە چىققان پېشقەدەم كادىرلارنىڭ پىكىرلىرى ئېلىندى، شەھەر ئىچىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ، ئۆلكىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ، دۆلەت دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكىرلىرى ئېلىندى، قايتا-قايتا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلدى، قايتا-قايتا ئۆزگەرتىلدى. ئۈچىنچىدىن، لايىھىنى تاللاش ئىشى دېموكراتىك ئاساستا ئېلىپ بېرىلدى. بىز كوللېكتىپ تەدبىر بەلگىلەش يولىنى تۇتتۇق، لايىھە شەھەرلىك پارتكومنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللانغاندىن كېيىن ئاندىن يولغا قويۇلدى. بۇ خىل دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر بەلگىلەش تەرتىپى خەيكۇ شەھىرىدە قېلىپلاشتۇرۇلدى ۋە تۈزۈملەشتۈرۈلدى.

دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر بەلگىلەشتە چىڭ تۇرۇشتا، ئاساسلىق رەھبەر ھەرقايسى تەرەپلەردىن كەلگەن پىكىرلەرنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ماھىر بولۇشى، كەمچىلىك-خاتالىقنى كۆرسەتكەندە خۇرسەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىدىغان پوزىتسىيىگە ۋە ھەر خىل پىكىرلەرنى ئاڭلايدىغان كەڭ قورساقلىقا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئاممىدىن پىكىر ئالغاندا، قارشى پىكىرلەرنىڭ بولۇشىدىن، ھەتتا بەزى ئۆتكۈر، توغرا بولمىغان پىكىرلەرنىڭ بولۇشىدىن ساقلانماق تەس. ئاساسلىق رەھبەر مۇشۇنداق پىكىرلەرگە يولۇققاندا ئۆپكىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بېسىۋالالايدىغان، مۇشۇ پىكىرلەردىن مۇۋاپىق تەرەپلەرنى تېپىپ چىقىپ، توغرا يەكۈن چىقىرالايدىغان بولۇشى كېرەك.

**3. ئىلمىي ئاساستا تەدبىر بەلگىلەشتە تەدبىر نىشانىنىڭ سىستېمىلىقلىقى ۋە ئېنىقلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، مۇۋاپىق نىشان سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك**

يەرلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بەلگىلىگەن تەدبىرمۇ بىر تۈرلۈك ماكرو تەدبىر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭدا ھەر تەرەپلىك، ھەر قاتلاملىق، ھەر مەزگىللىك تەدبىر نىشانلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى ماسلاشتۇرۇش، تەدبىر نىشانلىرىنىڭ ئۆزئارا توقۇنۇشۇپ قېلىشىنىڭ، ئۆزئارا يېيىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

بىرىنچى، توغرا لىنىيىلىك ماسلاشتۇرۇش. ئوخشاش بىر مەزگىلدىكى تەدبىرلەر ئومۇمىيلىققا ۋە سىستېمىلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك. چوڭ بىر سىستېما بولغان جەمئىيەت ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت قاتارلىق تارماق سىستېمىلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ئىچكى باغلىنىش بولىدۇ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تەدبىر نىشانلىرى بىردەك ماسلىشىشى، ھەرقايسى قاتلاملاردىكى تەدبىر نىشانلىرى بىردەك ماسلىشىشى، تەدبىرنىڭ مۇھىم نىشانلىرى بىلەن مۇھىم بولمىغان نىشانلىرىمۇ بىردەك ماسلىشىشى كېرەك. خۇددى يولداش ماۋ زېدۇڭ ئېيتقىنىدەك، "رويال چېلىش"نى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك.

ئىككىنچى، تىك لىنىيىلىك ماسلاشتۇرۇش. ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدىغان بىر جەريان بولغاچقا، بەزى مەسىلىلەر كۆپ چاغلاردا بىر باسقۇچتىلا ھەل بولمايدۇ، ئۇنى ئۇزاق مەزگىلدە تىرىشىش ئارقىلىق، باسقۇچلارغا بۆلۈپ، قەدەممۇقەدەم ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدە تەدبىر بەلگىلەشتە تەدبىر نىشانلىرىنىڭ ئېنىقلىقىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك، ئالدىنقىسى بىلەن كېيىنكىسى بىردەك بولسۇن، تەدرىجىي چوڭقۇرلىشىپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەيدىغان بولسۇن. ئوخشاش بىر نۆۋەتلىك رەھبەرنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدىكى تەدبىر نىشانلىرى ئېنىق بولۇشى كېرەك، ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى نۆۋەتلىك رەھبەرنىڭ تەدبىر نىشانلىرىمۇ ئېنىق بولۇشى كېرەك. نىشاننىڭ ئالدىنقىسى بىلەن كېيىنكىسىنى ئۇلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەردە ئومۇمىيلىق كۆزقارىشى، ئىستراتېگىيە جەھەتتە يىراقنى كۆرەلەيدىغان كۆز بولۇشى كېرەك. ئۇلار 3-4 يىلنى نەزەرگە ئېلىپلا قالماستىن، تېخىمۇ ئۇزاقراق ۋاقىتنى نەزەرگە ئالالايدىغان بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر خىل تارىخىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي جەريان

ئىكەنلىكىنى، نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ جاپالىق ئىرىشىشىغا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش كېرەك. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئالدىنقى رەھبەرلەر قىلىپ تۇگىتەلمىگەن خىزمەتنى تاماملاش، كېيىنكىلەر ئۈچۈن يېڭى يول ئېچىش. ئۆزىمىزنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىنىلا كۆزدە تۇتۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تېز ئۈنۈم بېرىدىغان تەدبىرنى بەلگىلەشكە بېرىلىپ، قىسقا مۇددەتنى كۆزلەيدىغان ئىشنى قىلماسلىقىمىز كېرەك.

يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان خەيكۇ شەھىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ خىزمەتنىڭ نىسبەتەن ئۇڭۇشلۇق بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب شەھەرلىك پارتكومنىڭ خىزمەتتە سىستېمىلىققا، ئىزچىللىققا ۋە ئالدىن كۆرەرلىككە بىرقەدەر ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت. 1996-يىلدىن 1999-يىلغىچە، بىز باشتىن-ئاخىر ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش، شەھەر مۇھىتىنى ئۈنۈملۈك تۈزەش، ئورگان خىزمەت ئىستىلىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدۇق. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئاساسىي نىشان، شەھەر مۇھىتىنى ئۈنۈملۈك تۈزەش بىلەن ئورگان خىزمەت ئىستىلىنى ئۆزگەرتىش ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. توغرىسىغا قارىغاندا، بۇلار خىزمەتتىكى ئۈچ تەرەپ، ئۇزۇنىسىغا قارىغاندا، بۇلار خىزمەتتىكى ئۈچ لىنىيە. مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش قاتارلىق ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەر بۇ ئۈچ تۈرلۈك خىزمەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا بۇ ئومۇمىي خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى ئىچىدە قانات يايدۇرۇلىدۇ. خىزمەتتە سىستېمىلىققا، ئىزچىللىققا ۋە ئالدىن كۆرەرلىككە دىققەت قىلىنغانلىقتىن، ھەر مەزگىلدە، ھەر باسقۇچتا نېمە قىلىش توغرىسىدا كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ كۆڭلىدە سان بولغاچقا، كۈچ-قۇۋۋىتىمۇ ئۇرغۇپ تۇرغاچقا، ھەر خىل خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش نىسبەتەن ئۇڭۇشلۇق بولدى، ئۈنۈمىمۇ نىسبەتەن ياخشى بولدى. ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش جەھەتتە ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، شەھەر قۇرۇلۇشى جەھەتتە ”جۇڭگو مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھىرى“ قاتارلىق شەرەپلىك ناملار بېرىلدى، ئورگان خىزمەت ئىستىلىنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە، بىۋاستە ئىش بېجىرىش تۈزۈمى، كۆزنەك مۇلازىمەت تۈزۈمى ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ۋەدە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشمۇ پۈتۈن ئۆلكە، پۈتۈن مەملىكەتتە نىسبەتەن كەڭ تەسىر قوزغىدى.

**4. ئىلمىي ئاساستا تەدبىر بەلگىلەشتە تەدبىر بەلگىلەش ۋاقتىنى توغرا ئىگىلەش كېرەك**

تەدبىر بەلگىلەش ۋاقتىنى توغرا ئىگىلەشنىڭ ئىككى تەرەپلىملىك مەنىسى بار: بىرى، ۋاقىت پىشىپ

www.uyghurkitap.com

يېتىلمىگەندە ئالدىرىماسلىق. ئىقتىسادىي تەرەققىيات، تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ. بەزى مەسىلىلەر نىسبەتەن جىددىي بولىدۇ. بىراق بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بەلگىلىك شارائىت، بەلگىلىك جەريان كېرەك. شارائىت ۋاقتىنچە ھازىرلانمىغان ۋاقىتتا، ئىشنى تېز ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ئالدىراپ كېتىشكە، ھەرقانداق مەسىلىنى بىراقلا ھەل قىلىۋېتىشنى ئۈمىد قىلىشقا بولمايدۇ. خەيىنەننىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتى نىسبەتەن ئارقىدا قالغان، كادىرلارمۇ، ئاممىمۇ تەرەققىي قىلغان رايونلارغا يېتىشىۋېلىش ۋە ئۇلارنى ئېشىپ كېتىشكە بەك تەشنا بولىدۇ، رەھبەرلەر توغرا يېتەكچىلىك قىلىپ، كادىرلار ۋە ئاممىنى پۇختا ئىشلەش، بوشاشماي ئىزچىل تىرىشىش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشتەك توغرا يولغا باشلىشى، ئاللىقانداق ”قالتىس چارە“دىن مۆجىزە كۈتۈپ ياكى بىردىنلا روناق تېپىشنى، بىر كېچىدىلا بېيىشنى ئويلىماسلىقى كېرەك. بۇ جەھەتتە بىزدە چوڭقۇر ئىبرەت بولغان. بىراق، ۋاقىت پىشىپ يېتىلمىدى دەپلا پاسسىپلىق بىلەن كۈتۈشمۇ يارىمايدۇ، ئالدىن كۆرەرلىك بولۇشى، بالدۇر تەييارلىق قىلىپ، تەييارلىق خىزمىتىنى پۇختا ئىشلەپ، پۇرسەت كەلگەندە تەمتىرەپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

يەنە بىرى، ۋاقىت پىشىپ يېتىلگەندە، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈش، قولايلىق ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ ئىشنى ئالغا سۈرۈش. خەيىنەن ئۆلكىسى قۇرۇش، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇشتەك پۇرسەتلەرنى بىز تۇتۇۋالدۇق، بۇنىڭ بىلەن خەيىنەن ئىقتىسادى چوڭ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى؛ ياڭپۇنى ئېچىشتا، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ياخشى پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويدۇق، بۇ ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى. دەل مۇشۇنداق تەجرىبە ـ ساۋاقلار بولغانلىقتىن، بىز پۇرسەتنى بايقاشقا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇپ، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كەلدۇق. يېقىنقى بىرقانچە يىلدا، بىز ”مەملىكەت بويىچە كاپىتال قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش سىناق نۇقتىسى شەھىرى“ قىلىپ بېكىتىلىشتەك تارىخىي پۇرسەتنى تۇتۇپ، ھەر خىل ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى كەسكىن تۈردە يولغا قويۇپ، دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردۇق، مۇتلەق كۆپ ساندىكى دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش، قايتا تەشكىللەش خىزمىتى ئورۇندىلىپ بولدى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ زىيان تارتىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ئوخشاشلا، بىز دۆلەت ئىچىدىكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش پۇرسىتىنى تۇتۇپ، گۇاڭدۇڭ ـ خەيىنەن تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنى باشلىدۇق. بۇ قۇرۇلۇش

2001-يىلى پۈتۈپ قاتناش باشلايدۇ، بۇ خەيكۇ شەھىرىنىڭ ساياھەتچىلىك، سودا ئىشلىرىنىڭ ھەتتا پۈتكۈل ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ناھايىتى ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. بىز ھازىر بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، گۇاڭدۇڭ-خەينەن تۆمۈريولى بىلەن ماسلاشقان ساياھەتچىلىك، سودا ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، خەيكۇ شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىنى يېڭى، تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمىز.

## 5. ئىلمىي ئاساستا تەدبىر بەلگىلەشتە، رەھبىرىي كادىرلاردا كۈچلۈك پارتىيىۋىلىك ۋە يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك

يەرلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرى تەدبىر بەلگىلىگەندە، بەزى خەۋپ-خەتەرگە يولۇقماي قالمايدۇ: بىرىنچىسى، مەركەزنىڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرى پەقەت چوڭ نىشاننى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كونكرېت قانداق قىلىش مەسىلىسىنى يەرلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ ئىجادىي ھالدا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى ئارقىلىق ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭدا كۆپىنچە ئەينەك قىلغۇدەك ئۆرنەك يوق، ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش-چىقىرالماسلىقتا يەرلىك رەھبىرىي كادىرلار بەلگىلىك خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىدىغان گەپ؛ ئىككىنچىسى، رەھبەرلەر تەدبىرنى ھەممىسە ئۈچۈر تولۇق بولمىغان شارائىت ئاستىدا بەلگىلەيدۇ، بەلگىلەنگەن تەدبىر ”پۈتۈنلەي ئەقلىي تەدبىر“ بولماستىن، بەلكى ”چەكلىك ئەقلىي تەدبىر“ بولىدۇ، بارلىق لايىھەلەرنى تېپىپ چىقىشقا، ئىشنىڭ باش-ئايىغى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى بىلىشكە ۋاقىت ۋە ئىمكانىيەت بولمىغان ئەھۋالدا تەدبىر بەلگىلىگەندە ئۇنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىش-چىقالماسلىقىدىمۇ خەتەرگە- تەۋەككۈل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، كىشىلەرنىڭ قىممەت يۈزلىنىشى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئوخشاش مەسىلىنى ھەل قىلىشتا كۆپىنچە ئوخشاش بولمىغان لايىھەلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ھەر خىل لايىھىنىڭ نەتىجىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، ئوخشاش بولمىغان قىممەت يۈزلىنىشلىرىدىن، ئوخشاش بولمىغان لايىھەلەردىن قايسىسىنى تاللاشتىمۇ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلماي مۇمكىن ئەمەس.

تەدبىر بەلگىلەشتە خەتەر بولغانىكەن، رەھبەرلەر تەدبىر بەلگىلەش ۋاقتىدا قەتئىي ھالدا پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇنلىرى بويىچە تەدبىر بەلگىلىشى، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئاساسەن ئىش بېجىرىشى، ئاممىۋى لۇشيەندە مىڭشتا چىڭ تۇرۇپ، دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر بەلگىلەش يولىنى تۇتۇشى كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جاسارەتلىك ۋە يۈرەكلىك بولۇشى، تەدبىر بەلگىلەشتىكى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلىشى كېرەك. تەدبىر بەلگىلەشتىكى مەسئۇلىيەتنى

ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلىش-قىلالماسلىق رەھبىرىي كادىرنىڭ پارتىيىۋىلىكىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ۋە ئۇنىڭ پارتىيە ۋە خەلققە بولغان سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، ئەگەر بىر ئادەم ئەمەلىنى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرىدىن مۇھىم كۆرسە، ئۇ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشقا، يېڭى يول ئېچىشقا، سىناپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ. ئىشقا يولۇققاندا، قارار قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي ئىككىلىنىپ قالىدۇ، ئالدىغا قاراپ بۆرىدىن، ئارقىسىغا قاراپ يولۋاستىن قورقىدۇ، نەتىجىدە ئىشلىرىمىزنى ئۆكسىتىپ قويىدۇ. شۇڭا ئاساسىي رەھبىرىي كادىردا سىياسىيونلارغا خاس دادىللىق بولۇشى، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلىشى كېرەك، "ئۈچكە پايدىلىق بولۇش" ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق تەدبىر، دېموكراتىك ئاساستا، ئىلمىي ئاساستا بەلگىلەنگەن تەدبىر بولسىلا، كۆزى يەتكەن ئىش بولسىلا، يۈرەكلىك ھالدا سىناش، يۈرەكلىك ھالدا ئىشلەش، خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك. بىر كىشى نەچچە ئون يىللىق ھاياتىدا نېمە ئىش قىلىشى كېرەك؛ پارتىيە ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن ، دۆلەت، مىللەت ئۈچۈن ئاز-تولا ھەقىقىي پايدىلىق ئىش قىلىشى كېرەك. ئىش قىلغانىكەنسەن، خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىسەن، خەتەر بولغانلىقى ئۈچۈنلا چېكىنىشكە بولمايدۇ.

بۇ مەسىلىنى ئوبدان چۈشەندۈرەلەيدىغان بىر مىسال بار، خېيكۇ چاي شىركىتى مۈلكى ئېغىر دەرىجىدە قەرزىگە چىقىش قىلالمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا ۋەيران بولغان ھەم شاڭخەي چاي گۇرۇھ شىركىتى تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان، ئەينى ۋاقىتتا بۇنىڭغا قارشى پىكىرمۇ بولغان، بەزىلەر مۇشۇنداق بىر تايانچ كارخانىنى قوش قوللاپ خەققە ئۆتكۈزۈپ بېرىش دۆلەت مۈلكىنى زىيانغا ئۇچرىتاتلىق دەپ قاراپ، نەچچە مىڭ ئىشچىنىڭ ئىشسىز قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن. شەھەرلىك پارتكوم خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، بۇ ئىسلاھات تەدبىرىنى قەتئىي يۈرگۈزگەن. بىراق بىز كارخانىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە سېتىۋالغۇچى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، دېموكراتىك ئۇسۇلدا كوللېكتىپ تەدبىر بەلگىلىگەچكە، بۇ تەدبىرنىڭ "ئۈچكە پايدىلىق بولۇش" ئۆلچىمىگە چۈشىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەچكە، بۇ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشقا جۈرئەت قىلدۇق. نەتىجە بىزنىڭ بۇ تەدبىرىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن، يېڭى قۇرۇلغان خېيخۇا چاي شىركىتى دەل ۋاقتىدا باش شىركەت بەرگەن 70 مىليوندىن ئارتۇق ئىش باشلاش مەبلىغىگە ئېرىشتى ھەم باش شىركەتتىن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملىرى ۋە باشقۇرغۇچى خادىملارنى كىرگۈزدى، بۇنىڭ بىلەن شاڭخەينىڭ تېخنىكا، باشقۇرۇش، ماركا ۋە بازار جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى بىلەن خېينەننىڭ بايلىق جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنىڭ ئۆزئارا تولۇقلىشى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

كارخانا 1996ـيىلى ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قېلىش ھالىتىدە تۇرغان بولسا، 1997ـيىلى سېتىش كىرىمىنى 124 مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى، 1998ـيىلى سېتىش كىرىمىنى 247 مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى؛ 1996ـيىلى 53 مىليون 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق زىيان تارتقان بولسا، 1998ـيىلى 20 مىليون يۈەنلىك باج تاپشۇردى ھەم 6 مىليون 40 مىڭ يۈەنلىك پايدا ياراتتى. ئىشچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئايلىق كىرىمى كارخانا ۋەيران بولغان ۋاقىتتىكى 200 يۈەندىن كۆپىيىپ 850 يۈەنگە يەتتى. مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارمۇ بىزنىڭ ئىسلاھات تەدبىرىمىزنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى.

ئىلمىي ئاساستا تەدبىر بەلگىلەش ئىنتايىن مۇھىم بىر تېما، بىز بۇ جەھەتتە بەزى دەسلەپكى ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ باردۇق، يەنە داۋاملىق ھەل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدىغان بەزى مۇھىم مەسىلىلەر بار، مەسىلەن، قانداق قىلىپ تەدبىرنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىش مەسىلىسى قاتارلىقلار. بىز ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ئارقىلىق پايدىلىق تەجرىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، يەرلىكنىڭ ھەر تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيمىز.

**(ئاپتور: ج ك پ خەينەن ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، خەيكۇ شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: قاھار پولات**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

9 771006 585006 02

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5－V 刊号:ISSN1006－5857 / CN11－2498/D
邮发代号:2－373 定价:2.80元 邮政编码 100013